# ئىزدىنىش

(تاللانما)

2

۱۹۹۴

# ئىزدىنىش

(ئايلىق ژۇرنال)

(تاللانما)

1994-يىل 2-سان
(ئومۇمىي 68-سان)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەزەرىيـﯟى ژورنىلى «ئىزدىنىش»نىـڭ 1993-يىللىق 23- ۋە 1994-يىللىق 1-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

---

## مۇندەرىجە

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتى**
(1993-يىل 11-ئاينىڭ 14-كۈنى) .............................................. (2)

**جـۇڭـگـو كومـمۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومـىتـېـتـىنـىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا دائىر بەزى مەسلىلەر توغرىسىدىكى قارارى**
(1993-يىل 11-ئاينىڭ 14-كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14-نۆۋەتلىك مەركىزىيكومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان) .............................. (6)

★2-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★

---

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11—2498
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكتر مەتبە سىستېمىسى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋەكالىتەن سېتىش ئورنى:مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

---

www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى
# 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى
# 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتى

(1993 - يىل 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى 1993 - يىل 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىدىن 182 كىشى، كاندىدات ئەزالىرىدىن 128 كىشى قاتناشتى. 54 ئالاقىدار مەسئۇل يولداش يىغىنغا سىرتتىن ئىشتىراك قىلدى. ئومۇمىي يىغىنغا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى رىياسەتچىلىك قىلدى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ باش شۇجىسى يولداش جياڭ زېمىن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى.

ئومۇمىي يىغىن «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى»نى قاراپ چىقتى ۋە ماقۇللىدى. «قارار» جەمئىي 50 ماددىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مۇنداق ئون قىسمغا بۆلۈنىدۇ: 1. ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى دۇچ كەلگەن يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپىلەر؛ 2. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىش؛ 3. بازار سىستېمىسىنى يېتىلدۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش؛ 4. ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئومۇمىي ئىگىلىكنى تەڭشەش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ 5. مۇۋاپىق شەخسىي كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى ئورنىتىش؛ 6. يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش؛ 7. تاشقى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش؛ 8. پەن - تېخنىكا تۈزۈلمىسىنى ۋە مائارىپ تۈزۈلمىسىنى يەنىمۇ ئىسلاھ قىلىش؛ 9. قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش؛ 10. پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىش. ئومۇمىي يىغىن مۇنداق ھېسابلىدى:

«قارار»دا پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيىدا بەلگىلەنگەن ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى ۋە ئاساسىي پرىنسىپى يەنىمۇ سىستېمىلاشتۇرۇلغان ۋە كونكرېتلاشتۇرۇلغان، «قارار» ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ ئومۇمىي پىلانى ۋە 90 ـ يىللاردا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشنىڭ ھەرىكەت پروگراممىسى، ئۇ جەزمەن ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا زور ھەم چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئومۇمىي يىغىن مۇنداق ھېسابلىدى: يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، 15 يىل ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمەسىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەر تەڭ راۋاجلىنىدىغان قۇرۇلما دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى، يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمى يەڭگۈشلەنمەكتە، بازارنىڭ بايلىق تەقسىم قىلىش جەھەتتىكى رولى تېز زورايماقتا، سىرت بىلەن بولغان ئىقتىساد ـ تېخنىكا ئالاقىسى ۋە ھەمكارلىقى كەڭ قانات يايماقتا، پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى پەيدىنپەي سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۆتمەكتە. ئىسلاھات ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىمىزنىڭ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنىڭ چوڭ بىر پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولدى. ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ 1992 ـ يىلىنىڭ بېشىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ۋە پارتىيىنىڭ 14 ـ قۇرۇلتىيىنى بەلگە قىلغان ھالدا يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ـ ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىدا يېڭى قەدەم تاشلاندى، ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش ـ تىزگىنلەش ئىشىدا ئىجابىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، ئىقتىساد جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، ئىجتىمائىي ـ سىياسىي مۇقىملىق ئىشقا ئاشتى. بىز ئىچكى ـ تاشقى پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، خەلق ئىگىلىكىنى ئىزچىل، تېز ۋە ساغلام راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

ئومۇمىي يىغىن مۇنداق كۆرسەتتى: سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى سوتسىيالىستىك ئاساسىي تۈزۈم بىلەن بىرلەشكەن بولىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتا، بازارنى دۆلەتنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش ـ تىزگىنلەش شەرتى ئاستىدا بايلىق تەقسىم قىلىش جەھەتتە ئاساسلىق رول ئوينايش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن،

www.uyghurkitap.com

ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرىنى تەڭ راۋاجلاندۇرۇش فاكچىنىدا جەزمەن چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يەڭگۈشلەپ ، بازار ئىگىلىكى تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، مۇلۇك ھوقۇقى ئېنىق بولغان، ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەت ئېنىق بولغان، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانا ئايرىۋېتىلگەن ۋە باشقۇرۇش ئىلمىي بولغان زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىش؛ مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئېچىۋېتىلگەن بازار سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، شەھەر بازارلىرى بىلەن يېزا بازارلىرىنى زىچ بىرلەشتۈرۈش، ئىچكى بازار بىلەن خەلقئارا بازارنى تۇتاشتۇرۇش، بايلىقنىڭ سەرخىل تەقسىملىنىشىگە تۈرتكە بولۇش؛ ھۆكۈمەتنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ۋاستىلىك ئۇسۇلنى ئاساس قىلغان ۋە مۇكەممەل بولغان ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش – تىزگىنلەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساس قىلغان، ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان ھەم ئادىل بولغان كىرىم تەقسىمات تۈزۈمى ئورنىتىپ، بىر قىسىم رايون ۋە بىر قىسىم كىشىلەرنى ئاۋۋال بېيىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ئورتاق بېيىش يولىغا مېڭىش؛ كۆپ قاتلاملىق ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى ئورنىتىپ، شەھەر – يېزا ئاھالىلىرىنى دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىپ ئىجتىمائىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا تۈرتكە بولۇش لازىم. ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان ۋە بىر – بىرىنى چەكلەپ تۇرىدىغان بۇ مۇھىم ھالقىلار سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

يىغىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش—ئۇلۇغۋار ئىجادىي ئىش. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە ۋە پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىدە قىلچە ئېغىشماي چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش – بولماسلىق، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش – بولماسلىق ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولۇش – بولماسلىقنى تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى قوللىنىش – قوللانماسلىقنى بەلگىلەش ۋە ئۇنىڭ پايدا – زىيىنىنى ئۆلچەشنىڭ تۈپ ئۆلچىمى قىلىش لازىم. ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىدا، جەزمەن ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش؛ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ئىسلاھات – ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى بىر – بىرىگە تۈرتكە قىلىش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈش؛ ئاممىنىڭ ئىجادكارلىق روھىغا ھۆرمەت قىلىش، ئاممىنىڭ جانىجان

مەنپەئەتكە ئېتىبار بىلەن قاراش؛ ئومۇمىي جەھەتتىن ئىلگىرىلەش بىلەن نۇقتىلىق بۆسۈشنى بىرلەشتۈرۈش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنى بويىچە ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، تېخىمۇ كۆپ زېھنىي كۈچىنى ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىشكە قارىتىشى كېرەك. نۆۋەتتە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىش ۋە بازار سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش، پۇل مۇئامىلە، مالىيە - باج، پىلان، مەبلەغ سېلىش، تاشقى سودا قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىسلاھاتنى چىڭ تۇتۇپ، كونكرېت لايىھە تۈزۈپ، ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ، يېڭى نەتىجە ھاسىل قىلىشى لازىم.

ئومۇمىي يىغىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشتە پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە پارتىيە رەھبەرلىكنى ياخشىلاش، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. پۈتۈن پارتىيىنى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قورallاندۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىگە ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش قەتئىيلىكى ۋە ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش لازىم. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەلىپىگە يارىشا، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش، سوتسىيا-لىستىك دېموكراتىك سىياسەت ۋە قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىككى قولدا تۇتۇش ۋە ئىككىلا قولدا چىڭ تۇتۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي ئوبدان تۇتۇش كېرەك. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە ئوڭشاش ئىشىنى كۈچەيتىش لازىم. تىنچ - ئىتتىپاقلىق سىياسىي ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىن پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دىلجەم بولۇپ، پۈكۈلمەس ئىرادە بىلەن ئىسلاھاتقا ئاتلىنىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىپ، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئىككىنچى قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىردى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو كومـمۇنـىستـلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى

(1993 - يىل 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان)

پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 14 - قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىـۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، پارتـىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا دائىر بەزى مۇھىم مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنىپ، تۆۋەندىكىچە قارار چىقىرىلدى.

## 1. ئېلىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى دۇچ كەلگەن يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېـڭى ۋەزىپىلەر

(1) يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئون نەچچە يىللىق ئىسلاھات ئارقىلىق، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرى تەڭ راۋاجلىنىدىغان ۋەزىيەت دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى، يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشماقتا، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمى يەڭگۈشلەنمەكتە، بازارنىڭ بايلىقنى تەقسىم قىلىش

---

ئىزدىنىش (تاللانما)

جەمئىيەتتىكى رولى تېز كېڭەيمەكتە، تاشقى ئىقتىساد ــ تېخنىكا ئالاقىسى ۋە ھەمكارلىقى كەڭ قانات يايماقتا، پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى پەيدىنپەي سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۆتمەكتە، ئىسلاھات ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئېلىمىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنىڭ زور بىر بالداق يۈكسىلىشكە تۈرتكە بولدى. خەلقئارا ۋەزىيەتتە جىددىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمى ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى. ئىسلاھات ــ ئېچىۋېتىش — پارتىيە ۋە خەلقىمىز تارىخىي تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان ستراتېگىيىلىك تەدبىر، ئېلىمىزدە زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى.

ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ــ ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ 1992 ــ يىلىنىڭ بېشىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ۋە پارتىيە 14 ــ قۇرۇلتىيىنى بەلگە قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. 14 ــ قۇرۇلتايدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا زور ھەم چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىش پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئۇلۇغ تارىخىي ۋەزىپىسى.

(2) سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي تۈزۈمى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىن مەقسەت دۆلەتنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشىشى ۋە تىزگىنلىشى ئاستىدا بازارنى بايلىق تەقسىم قىلىش جەھەتتە ئاساسلىق رول ئويناش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرىنى تەڭ راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەنىمۇ يەڭگۈشلەش، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ماسلاشقان، مۈلۈك ھوقۇقى ئېنىق بولغان، ھوقۇق بىلەن مەسئۇلىيەت روشەن بولغان، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانا ئايرىۋېتىلگەن، باشقۇرۇش ئىلمىي بولغان زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش؛ مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئېچىۋېتىلگەن بازار سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، شەھەر بازارلىرى بىلەن يېزا بازارلىرىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىچكى بازار بىلەن خەلقئارا بازارنى بىر ــ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، بايلىقنىڭ سەرخىل تەقسىملىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛

ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادنى باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ۋاستىلىك ئۇسۇل ئاساس قىلىنغان، مۇكەممەل بولغان ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ساغلام يۈرۈشۈپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، ئۈنۈمگە ئېتىبار بېرىدىغان ۋە ئادىل بولغان كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، بىر قىسىم رايون ۋە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاۋۋال بېيىشىغا ئىلھام بېرىپ، ئورتاق بېيىش يولىغا مېڭىش؛ كۆپ قاتلاملىق ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، شەھەر - يېزا ئاھالىسىنى ئېلىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان ئىجتىمائىي كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان ۋە بىر - بىرىنى چەكلەپ تۇرىدىغان بۇ ئاساسلىق ھالقىلار ئورگانىك بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇڭا مۇشۇ ئاساسلىق ھالقىنى چۆرىدەپ، شۇنىڭغا مۇناسىپ قانۇن سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش، ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ، ئىسلاھاتنى پائال ھەم قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

(3) سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش زادى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىجادىي ئىش، ئۇنىڭدا ئىنتايىن مۇرەككەپ نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. 15 يىلدىن بۇيان، بىز ئالاھىدە ئۈنۈم بەرگەن ئىسلاھات يولىنى تېپىپ، مول تەجرىبىلەرنى توپلىدۇق. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرىدىغانلا بولساق، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرىدىغانلا بولساق، تۈرلۈك سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرالايمىز.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش داۋامىدا، بىز پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولۇش - بولماسلىق، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئومۇمىي كۈچىنىڭ ئېشىشىغا پايدىلىق بولۇش - بولماسلىق، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئېشىشىغا پايدىلىق بولۇش - بولماسلىقنى تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى قوللىنىش - قوللانماسلىقنى بەلگىلەيدىغان ۋە ئۇنىڭ پايدا - زىيىنىنى ئۆلچەيدىغان تۈپ ئۆلچەم قىلىشتا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىنى

ئوبدان ئىگىلەشكە دىققەت قىلىش لازىم:

—ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش. پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىپ، پائال ئىزدىنىش ۋە دادىل سىناق قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش لازىم. ئېسىل ئەنئەنىلەرگىمۇ ۋارىسلىق قىلىش، كونا قائىدىلەرنىمۇ يۈرەكلىك بۇزۇپ تاشلاش، جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىش، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ جۈملىدىن تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىش كېرەك. ئوڭچىللىقتىن ھوشيار بولۇش، ئاساسلىقى «سول»چىللىقنىڭ ئالدىنى ^ِلىش لازىم.

—ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، ئىسلاھات – ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى بىر-بىرىگە تۈرتكە قىلىش ھەم ئۆزئارا بىرلىككە كەلتۈرۈش. تەرەققىيات—چىڭ قائىدە. پەقەت پايدىلىق پەيتنى قولدىن بەرمەي، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تەرەققىياتنى تېزلەتكەندىلا، ئاندىن تىنچ – ئىتتىپاقلىق سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا، ئىككى قولدا تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مۇقىملىقنى ساقلىغاندىلا، ئاندىن ئىسلاھات – ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئىقتىسادنى پائال راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىسلاھات – ئېچىۋېتىش داۋامىدا، پۇختا بولۇشقا دىققەت قىلىش، چوڭ زىيان كېلىپ چىقىشتىن ۋە ئىجتىمائىي داۋالغۇش يۈز بېرىشتىن ساقلىنىش لازىم.

—ئاممىنىڭ ئىجادكارلىق روھىغا ھۆرمەت قىلىش، ئاممىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە ئېتىبار بېرىش. ئامما ياراتقان ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا يەكۈنلەش، ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىش، ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىغا ئوبدان يېتەكچىلىك قىلىش، ئۇنى ئوبدان ئاسراش ۋە جارى قىلدۇرۇش لازىم. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش داۋامىدا، جۇغلانما بىلەن ئىستېمال، ئومۇمىيلىق بىلەن قىسمەنلىك، ئۇزاق مۇددەتلىك مەنپەئەت بىلەن قىسقا مۇددەتلىك مەنپەئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، ئاممىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىسلاھاتنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە قىلىش كېرەك.

—ئومۇمىي جەھەتتىن ئىلگىرىلەش بىلەن نۇقتىلىق بۆسۈشنى بىرلەشتۈرۈش. يېزىدىن باشلانغان ئىسلاھاتنى پەيدىنپەي شەھەرگە كېڭەيتىش، شەھەر ئىسلاھاتى بىلەن يېزا ئىسلاھاتىنى بىرلەشتۈرۈش،

www.uyghurkitap.com

قىسمەن ئىسلاھات بىلەن ئومۇمىي ئىسلاھاتنى يۇرۇشلەشتۇرۇش، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش بىلەن ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى زىچ بىرلەشتۇرۇش ۋە بىر ـ بىرىگە تۈرتكە قىلىش—دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان توغرا تەدبىر. زور ئىسلاھات ئىشلىرىنى ھەرخىل ئەھۋالغا قاراپ، بەزىلىرىدە ئاۋۋال لايىھە تۈزۈپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىگە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرىدىن يۇرۇشلەشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇش؛ بەزىلىرىنى ئالدى بىلەن قىسمەن جەھەتتىن سىناق قىلىپ، تەجرىبە ياراتقاندىن كېيىن كېڭەيتىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەم ئىسلاھاتنىڭ تەرتىپلىك ھالدا پەيدىنپەي ئىلگىرىلىشىگە دىققەت قىلىش، ھەم مۇھىم ھالقىلاردا پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئالاھىدە نەتىجە يارىتىپ، ئومۇمىي ئىسلاھات ۋەزىيىتىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

## 2. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش

(4) ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسى. ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى كېڭەيتىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئوخشاش تەدبىرلەر قوللىنىلغانلىقتىن كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچى ئاشتى، كارخانىلارنىڭ بازارغا كىرىشىگە دەسلەپكى قەدەمدە ئاساس يارىتىلدى. كارخانا ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، چوڭقۇر قاتلامدىكى زىددىيەتلەرنى جەزمەن ھەل قىلىش، كارخانا تۈزۈمىنى يېڭىلاش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم.

زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىش ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، دۆلەت كارخانىلىرىمىزنىڭ ئىسلاھات نىشانى. ئۇنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى شۇكى، بىرىنچىدىن، مۈلۈك ھوقۇقى مۇناسىۋىتى ئېنىق، كارخانىلاردىكى دۆلەت مۈلكىگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى دۆلەت ئىلكىدە بولىدۇ، كارخانىلار دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەبلەغ چىقارغۇچىلارنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن شەكىللەنگەن بارلىق قانۇنىي ئىگىلىك مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، ھەق تەلەپ ھوقۇقىدىن

بەھرىمەن بولىدىغان ۋە ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدىغان قانۇنىي ئىگىلىك ئەمەلىي گەۋدىگە ئايلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، كارخانىلار ئۆزىنىڭ بارلىق قانۇنىي ئىگىلىك مۈلكى بىلەن قانۇن بويىچە ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىدۇ، پايدا ـ زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدۇ، بەلگىلىمە بويىچە باج تاپشۇرىدۇ ۋە مەبلەغ چىقارغۇچىلار ئالدىدا مۈلۈك قىممىتىنى ساقلاش ـ ئاشۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۈچىنچىدىن، مەبلەغ چىقارغۇچىلار كارخانىغا سالغان دەسمايە سوممىسى بويىچە ئىگىدارلىق قىلغۇچىلارغا خاس ھوقۇق ـ مەنپەئەتتىن، يەنى مۈلۈكتىن مەنپەئەتدار بولۇش، چوڭ ـ چوڭ تەدبىر كۆرۈش ۋە باشقۇرغۇچىلارنى تاللاش قاتارلىق ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ. كارخانا ۋەيران بولغاندا، مەبلەغ چىقارغۇچىلار كارخانىغا سالغان دەسمايە سوممىسى بىلەنلا كارخانىنىڭ قەرزى ئالدىدا چەكلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ. تۆتىنچىدىن، كارخانىلار ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەتنى بازار ئېھتىياجىغا قاراپ ئۇيۇشتۇرىدۇ، ھۆكۈمەت كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت پائالىيەتلىرىگە بىۋاسىتە ئارىلاشمايدۇ. بازار رىقابىتىدە كارخانىلارنىڭ ياخشىلىرى ساقلاپ قېلىنىپ، ناچارلىرى شاللاپ چىقىرىلىدۇ، ئۇزاققىچە زىيان تارتىپ كېلىۋاتقان، دەسمايىسى قەرزىگە چىقىش قىلمايدىغان كارخانىلار قانۇن بويىچە ۋەيران بولىدۇ. بەشىنچىدىن، ئىلمىي ئاساستىكى كارخانا رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى ۋە تەشكىلىي باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، ئىگىدارلىق قىلغۇچىلار، ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار بىلەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەڭشىلىدۇ، رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن چەكلەش بىرلەشتۈرۈلگەن ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمى شەكىللەندۈرۈلىدۇ. بارلىق كارخانا مۇشۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم.

(5) زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىش—مۇشكۈل ۋە مۇرەككەپ ۋەزىپە، بۇنىڭ ئۈچۈن، تەجرىبە توپلاپ، شارائىت يارىتىپ، پەيدىنپەي ئىلگىرىلەش كېرەك. نۆۋەتتە، «ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى قانۇنى» بىلەن «ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەش نىزامى»نى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ تۈرلۈك ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەتلىرىنى كەم ـ كۈتىسىز ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مۈلكى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىك ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كارخانىلاردىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ـ ئاشۇرۇش كېرەك. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەش ۋە كارخانىلارنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم. كارخانىلاردىن قالايمىقان مەبلەغ توپلايدىغان، ئۇلارغا پەلىپەتىش سېلىق سالىدىغان ۋە ئۇلاردىن كەلسە ـ كەلمەس ھەق ئالىدىغان ئىشنى

قەتئىي چەكلەش كېرەك. كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش جەھەتتىكى يۈكىنى يەڭگىللىتىش لازىم. مۈلۈك ۋە مەبلەغنى قەدەم-باسقۇچلۇق ئېنىقلاش، مۈلۈك ھوقۇقى دائىرىسىنى بېكىتىش، ھەقدارلىق ھوقۇقى ۋە قەرزدارلىق مەجبۇرىيىتىنى ئېنىقلاش، مال- مۈلۈكنى باھالاش ـ مۆلچەرلەش ۋە كارخانا تىپىدىكى قانۇنىي ئىگىنىڭ مۈلۈك ئىگىلەش مىقدارىنى تەكشۈرۈش كېرەك. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىگە قاراپ پۇختا قەدەم تاشلىشىغا ھەر جەھەتتىن شارائىت يارىتىش لازىم.

(6) چوڭ، ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرى خەلق ئىگىلىكىنىڭ تۈۋرۈكى، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە رىقابەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، يېتەكچىلىك رولىنى تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرۇش جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. زامانىۋى كارخانىلاردا مۈلۈكنىڭ شەكىللىنىشى بويىچە كۆپ خىل تەشكىلىي شەكىل قوللىنىلسا بولىدۇ. دۆلەت كارخانىلىرىدا شىركەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش—زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىش يولىدىكى پايدىلىق ئىزدىنىش. قېلىپلاشقان شىركەتلەردە مەبلەغ چىقارغۇچىلارنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى بىلەن كارخانا تىپىدىكى قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنى ئۈنۈملۈك ئايرىۋەتكىلى بولىدۇ، بۇ مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەپ، كارخانىلارنى مەمۇرىي ئورگانلارغا بېقىنىپ قېلىشتىن خالاس قىلىپ، دۆلەتنىڭ كارخانىلار ئالدىدا ئۈستىگە ئالغان چەكسىز مەسئۇلىيىتىنى بىكار قىلىشقا پايدىلىق؛ شۇنداقلا مەبلەغ توپلاش ۋە خېيىم ـ خەتەرنى تارقاقلاشتۇرۇشقىمۇ پايدىلىق. شىركەتلەرنىڭ تىپى ھەر خىل بولسا بولىدۇ. شارائىت ھازىرلانغان چوڭ، ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىدىن مەبلەغ سالغۇچى سۇبيېكتى بىرلا بولغانلىرىنى قانۇن بويىچە ئۆز ئالدىغا مەبلەغ سالىدىغان شىركەتكە ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ، مەبلەغ سالغۇچى سۇبيېكتى كۆپ بولغانلىرىنى قانۇن بويىچە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە ياكى چەكلىك ھەسسىدارلىق شىركىتىگە ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. بازارغا پاي چېكى سالىدىغان چەكلىك ھەسسىدارلىق شىركەتلىرى ئاز سانىنىلا تەشكىل قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلارغا قاتتىق تەكشۈرۈپ بېكىتىش يولىنى تۇتۇش لازىم. دۆلەتنىڭ ھەسسىدارلىق ھوقۇقى شىركەتتە قانچىلىك مىقدارنى ئىگىلىسە بىرقەدەر مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى تۈرلۈك كەسپلەرگە ۋە ھەسسىدارلىق ھوقۇقىنىڭ تارقىلىش دەرىجىسىگە قاراپ پەرقلىق بىر تەرەپ قىلىنسا بولىدۇ. بەزى ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان شىركەتلەرنى ۋە ھەربىي سانائەت كارخانىلىرىنى دۆلەت ئۆز ئالدىغا مەبلەغ سېلىش يولى بىلەن باشقۇرىدۇ، غول كەسپلەر ۋە ئاساسىي كەسپلەردىكى تايانچ كارخانىلارغا دۆلەت پاي ھوقۇقىنى كونترول قىلىش ۋە دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان مەبلەغنى پاي قىلىپ قوشۇشنى جەلپ قىلىش يولىنى تۇتۇپ،

شۇ ئارقىلىق دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى ۋە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. شىركەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئاددىي نام يەڭگۈشلەش بىلەنلا پۈتىدىغان ئىش ئەمەس، نوقۇل ھالدا مەبلەغ جۇغلاش ئۈچۈنمۇ ئەمەس، بەلكى مېخانىزمنى يەڭگۈشلەشنى مۇھىم نۇقتا قىلىدىغان ئىش. ئۇنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ئارقىلىق، پەيدىنپەي يولغا قويۇش كېرەككى، شەكىلۋازلىق قىلىدىغان ۋە ھە-ھۇ بىلەنلا تۇتۇش قىلىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلماسلىق لازىم. شەرت ھازىرلىمىغان كارخانىلارنى زورىغىلا شىركەتكە ئۆزگەرتىۋېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ھازىرقى شىركەتلەرنى قېلىپلاشتۇرۇش تەلىپى بويىچە رەتكە سېلىش لازىم.

زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى تەلىپىگە ئاساسەن، ھازىرقى مەملىكەت خاراكتېرلىك باش كەسپىي شىركەتلەرنى پەيدىنپەي پاي ھوقۇقىنى كونترول قىلىش شىركەتلىرىگە ئۆزگەرتىش كېرەك. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، مۈلۈك ھوقۇقى بويىچە بىرلىشىشنى ئاساسىي ۋاستە قىلىپ رايوندىن ۋە كەسىپتىن ھالقىغان بىر تۈركۈم چوڭ ـ چوڭ كارخانا گۇرۇپپىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، كۆلەملىك ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، يېڭى تېخنىكا ۋە يېڭى مەھسۇلات يارىتىش قەدىمىنى تېزلىتىش، خەلقئارا رىقابەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

ئادەتتىكى كىچىك دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ بەزىلىرى ھۆددىگە ۋە ئىجارىگە ئېلىپ باشقۇرۇش يولىنى تۇتسا بولىدۇ، بەزىلىرى ھەسسىدارلىق ئاساسىدىكى ھەمكارلىق تۈزۈمى بويىچە قايتا تەشكىل قىلىنسىمۇ بولىدۇ، ھەتتا كوللېكتىپقا، شەخسلەرگە سېتىپ بېرىلسىمۇ بولىدۇ. دۆلەت كارخانىنى ۋە پاي ھوقۇقىنى سېتىشتىن كىرگەن كىرىمنى جىددىي تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تېگىشلىك كەسىپلەرگە مەبلەغ قىلىپ قوشىدۇ.

(7) كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىنى ۋە تەشكىلىي باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش. زاۋۇت باشلىقى (جىڭلى) مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، زاۋۇت باشلىقى (جىڭلى) نىڭ قانۇن بويىچە خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. شىركەت تۈزۈمىنى يولغا قويغان كارخانىلار ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملار بويىچە ئىچكى تەشكىلىي ئاپپارات تەسىس قىلىشى كېرەك. كارخانىلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى سىياسىي يادرولۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. جان ـ دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش كېرەك. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى كارخانىنى دېموكراتىك باشقۇرۇشقا قاتنىششقا تەشكىللەپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغدىشى لازىم. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، كارخانىچىلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىش كېرەك. كارخانىدا ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەتنى ئېنىق ئايرىش، ئىتتىپاقلىق ئاساسىدا ھەمكارلىشىش ۋە بىر ـ بىرىنى چەكلەش مېخانىزمىنى شەكىللەندۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش لازىم. كارخانىلار بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىك باشقۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ۋە كۈچەيتىشى، ئەمگەك ئىنتىزامىنى چىڭىتىشى، تېخنىكا يارىتىش، سۈپەت باشقۇرۇش شۇنىڭدەك سېتىش، مالىيە ۋە ئۇچۇرچىلىق ئىشلىرىنى كۈچەيتىشى، تەدبىر كۆرۈش سەۋىيىسىنى، كارخانىنىڭ ساپاسىنى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. كارخانىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئېسىل كەسپىي ئەخلاق يېتىلدۇرۇش، كەسپكە ئىشتىياق باغلاش ـ زاۋۇتنى سۆيۈش، قانۇنغا ئەمەل قىلىش ـ لەۋزىدە تۇرۇش، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش روھىنى تۇرغۇزۇش لازىم.

(8) كارخانىلاردىكى دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش. دۆلەت مۈلكىگە قارىتا دۆلەت بىر تۇتاش ئىگىدارلىق قىلىش، ھۆكۈمەت دەرىجە بويىچە نازارەتچىلىك قىلىش ـ باشقۇرۇش، كارخانىلار ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇش كېرەك. ھۆكۈمەتنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى بىلەن دۆلەت مۈلكىگە ئىگىدارلىق قىلغۇچىلارنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئايرىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇشنىڭ ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ مۇۋاپىق شەكلى ۋە يولى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىش لازىم. مەركەز بىلەن ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاستە قاراشلىق شەھەردىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئاپپاراتلىرىنى كۈچەيتىش كېرەك. نۆۋەتتىكى دۆلەت مۈلكى ياخشى باشقۇرۇلماسلىق ۋە ئېغىر دەرىجىدە نېرى ـ بېرى بولۇپ كېتىش ئەھۋالىغا يۇكسەك ئېتىبار بىلەن قاراش لازىم. ئالاقىدار تارماقلار ئۆزلىرى ئىش تەقسىماتى بويىچە نازارەت قىلىدىغان ۋە باشقۇرىدىغان كارخانىلاردىكى دۆلەت مۈلكى ئالدىدا نازارەتچىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى، ئېھتىياجغا قاراپ كۆزىتىش ھەيئىتى ئەۋەتىپ، كارخانىلاردىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ـ ئاشۇرۇش ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى يولغا قويۇشى كېرەك. دۆلەت مۈلكىنى تۆۋەن باھادا پايغا سۇندۇرۇش، تۆۋەن باھادا سېتىش، ھەتتا شەخسلەرگە ھەقسىز بۆلۈپ بېرىش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ. تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يوچۇقلار-نى ھەر جەھەتتىن ئېتىپ، دۆلەت مۈلكىنىڭ ۋە ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنىڭ دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقىغا

ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

(9) ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرىنى تەڭ راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش. دۆلەت ئىگىلىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرۋاقىتتا، يەككە ئىگىلىك، خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋە تاشقى مەبلەغ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھام بېرىش ھەمدە ئۇنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ يۈرۈشۈپ تۇرۇشى ۋە قايتا تەشكىل قىلىنىشىغا يارىشا، مۈلۈككە ئارىلاش ئىگىدارلىق قىلىدىغان ئىقتىسادىي ئورۇنلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، يېڭى مۈلۈك ئىگىدارلىق قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەملىكەت بويىچە ئېيتقاندا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك خەلق ئىگىلىكىدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، بەزى جايلار ۋە بەزى كەسىپلەردە سەل پەرقلەنسىمۇ بولىدۇ. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاساسىي ئورنى ئاساسەن دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى مۈلۈكنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مۈلۈكتە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىدا، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرىنى كونترول قىلىپ تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى يېتەكچىلىك رولى قاتارلىق جەھەتلەردە گەۋدىلىنىدۇ. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى ئىگىلىك، بولۇپمۇ دۆلەت ئىگىلىكى بازار رىقابىتىگە پائال قاتنىشىشى، بازار رىقابىتى داۋامىدا زورىيىشى ۋە تەرەققىي تېپىشى لازىم. دۆلەت تۈرلۈك مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكنىڭ باراۋەرلىك ئاساسىدا بازار رىقابىتىگە قاتنىشىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىشى، ھەر خىل كارخانىلارغا بىردەك مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. شەھەر – بازارلاردىكى ھازىرقى كوللېكتىپ كارخانىلىرىمۇ مۈلۈك ھوقۇقى مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇشى لازىم، ئۇلار ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالنى پەرقلەندۈرۈپ، ھەسسىدارلىق ئاساسىدىكى ھەمكارلىق تۈزۈمى كارخانىسى ياكى شېرىك كارخانا بولۇپ قايتا تەشكىل قىلىنسىمۇ بولىدۇ. شارائىتى يار بېرىدىغانلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بولۇپ تەشكىل قىلىنسىمۇ بولىدۇ. ئاز ساندىكى كۆلىمى چوڭ، ئۈنۈمى ياخشى كارخانىلار چەكلىك ھەسسىدارلىق شىركىتى ياكى كارخانا گۇرۇپپىسى بولۇپ تەشكىل قىلىنسىمۇ بولىدۇ.

## 3. بازار سىستېمىسىنى يېتىلدۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش

(10) بازار مېخانىزمىنىڭ بايلىقنى تەقسىم قىلىش جەھەتتىكى ئاساسلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بازار سىستېمىسىنى يېتىلدۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش شەرت. نۆۋەتتە ئالدى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بازارلىرىنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇش، بازار ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، رايونلار، تارماقلار ئارا بۆلۈنۈپ كېتىدىغان ۋە بىر - بىرىنى قامال قىلىدىغان ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاش، ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇپ، باراۋەرلىك ئاساسىدىكى رىقابەت مۇھىتىنى يارىتىپ، بىرلىككە كەلگەن، ئېچىۋېتىلگەن، رىقابەتلىشىدىغان، تەرتىپلىك بولغان چوڭ بازارلارنى شەكىللەندۇرۇش لازىم.

(11) باھا ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىپ، باھانى، ئاساسەن، بازار ئارقىلىق شەكىللەندۇرۇش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش. ھازىر كۆپ ساندىكى تاۋارلارنىڭ باھاسى قويۇۋېتىلدى، ئەمما ئاز ساندىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسىدا يەنىلا قوش يوللۇق تۈزۈم ساقلانماقتا، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى باھاسىنىڭ بازارلىشىش دەرىجىسى يەنىلا بىرقەدەر تۆۋەن، باھا شەكىللەندۇرۇش ۋە تەڭشەش مېخانىزمى ھېلىھەم مۇكەممەللەشكىنى يوق. باھا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش يولىدىكى ئاساسلىق ۋەزىپىلەر مۇنۇلار: باھانىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىدىكى نىسبىي مۇقىملىقنى ساقلاش شەرتى ئاستىدا، رىقابەت خاراكتېرلىك تاۋار باھاسىنى ۋە مۇلازىمەت باھاسىنى قويۇۋېتىش، باھاسى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ئاز ساندىكى تاۋارلارنى ۋە مۇلازىمەت باھاسىنى تەرتىپكە سېلىش - راۋانلاشتۇرۇش؛ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى باھاسىدىكى قوش يوللۇق تۈزۈمنى مۇمكىنقەدەر تېز ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى باھاسىنىڭ بازارلىشىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش؛ دۆلەت پىلانى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئاز ساندىكى مۇھىم تاۋارلارنى زاپاس ساقلاش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇپ، بازار باھاسىنى مۇقىم تۇتۇش لازىم.

(12) تاۋارلارنىڭ ھازىرقى ئوبوروت سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، تاۋار بازارلىرىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش. مۇھىم تاۋار ئىشلەپچىقىرىلىدىغان، سېتىلىدىغان ياكى توپلىنىدىغان - تارقىلىدىغان جايلاردا كۆپ مىقداردىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، سانائەت ئىستېمال بۇيۇملىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى توپ سېتىلىدىغان بازارلارنى قۇرۇش كېرەك. ئاز ساندىكى تاۋارلارنىڭ قەرەللىك مال بازىرىنى سىناق قىلىش نۇقتىلىرىنى قەتئىي قېلىپلاشتۇرۇش لازىم. دۆلەت ئوبوروت كارخانىلىرى ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەپ، بازار رىقابىتىگە پائال قاتنىشىشى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى ھەمدە توپ سېتىش بازارلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش داۋامىدا يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم. تاۋار ئوبوروتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك كارخانىلار ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن، تۈرلۈك ئىقتىسادىي شەكىل بىلەن تىجارەت ئۇسۇلى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، فۇنكسىيىلىرى

مۇكەممەل بولغان تاۋار بازارلىرى تورلىرىنى قۇرۇپ، ئوبوروتنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش لازىم.

(13) نۆۋەتتە بازار سىستېمىسىنى يېتىلدۈرۈشتە، پۇل مۇئامىلە بازىرى، ئەمگەك كۈچلىرى بازىرى، ئۆي ـ زېمىن بازىرى، تېخنىكا بازىرى ۋە ئۇچۇر بازىرى قاتارلىق بازارلارنى راۋاجلاندۇرۇش مۇھىم نۇقتا قىلىندۇ.

بانكىنىڭ مەبلەغنى يۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇشى ئاساس قىلىنغان پۇل مۇئامىلە بازارلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. كاپىتال بازارلىرىدا قەرز چېكى، پاي چېكى مەبلىغىنى يۈرۈشتۈرۈشنى پائال ۋە پۇختا راۋاجلاندۇرۇش لازىم. قەرز چېكى تارقىتىدىغان ئاپپاراتلار بىلەن قەرز چېكىنىڭ ئىناۋەتلىك دەرىجىسىنى باھالاش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، قەرز چېكى بازارلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. پاي چېكىنى تارقىتىش ۋە بازارغا سېلىش ئىشىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ كۆلىمىنى پەيدىنپەي كېڭەيتىش لازىم. پۇل بازارلىرىدا قېلىپلاشقان بانكىلارنىڭ ھەمكەسىپلەرگە قىسقا مۇددەتلىك ئۆسۈملۈك قەرز بېرىشكە دائىر ئىشلارنى ۋە دوكىمېنتلارنى دىسكونت قىلىش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، مەركىزىي بانكىلاردا دۆلەت قەرزى سودىسىنى قانات يايدۇرۇش يولـــىنى تۇتۇش كېرەك. قانۇن ـ نىزاملارغا خىلاپ مەبلەغ توپلاش، قىسقا مۇددەتلىك ئۆسۈملۈك قەرز بېرىش قاتارلىق مەبلەغنى يۈرۈشتۈرۈش پائالىيەتلىرىنى قەتئىي چەكلەش ۋە تۈزىتىش لازىم.

ئەمگەك تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئەمگەك كۈچلىرى بازارلىرىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ئېلىمىز ئەمـگەك كۈچلىرىنىڭ مول بولۇشى ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتىكى ئەۋزەللىك، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇنىڭدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمىمۇ مەۋجۇت، شۇڭا ئەمگەك كۈچلىرى بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە ئۇنى مۇۋاپىق تەقسىملەشنى ئەمگەك كۈچلىرى بازارلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلىش لازىم. ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، شەھەر ـ بازارلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى تېخىمۇ كۆپ قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. يېزىلاردىكى ئوشۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى پەيدىنپەي غەيرىي يېزا ئىگىلىك كەسىپلىرىگە يۆتكىلىشكە ۋە رايونلار ئارا تەرتىپلىك يۈرۈشۈپ تۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش ۋە يېتەكلەش لازىم. ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ تۈرلۈك يوللىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي ۋاستە ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئادەم ئىشـلىتىـدىغان ئورۇن بىلەن ئەمـگەكـچـىلەر بىر ـ بىرىنى تاللايدىغان، مۇۋاپىق يۈرۈشۈپ تۇرىدىغان ئىشقا ئورۇنلىشىش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆي ـ زېمىن بازارلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. ئېلىمىزدە يەر ئاز، ئادەم كۆپ، شۇڭا يەر بايلىقىنى ناھايىتى قەدىرلەش ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش، يەر باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم. تېرىلغۇ يەرلەرنى ھەقىقىي ئاسراپ، دېھقانچىلىق قىلىنىدىغان يەرلەرنى دېھقانچىلىق قىلىنمايدىغان يەرلەرگە ئايلاندۇرۇۋېتىشنى قاتتىق كونترول قىلىش لازىم. دۆلەت شەھەر ـ بازارلاردىكى يەرنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك بازارلىرىنى مونوپول قىلىدۇ. يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ھەقلىق، قەرەللىك ئۆتۈنۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، سودا تۈسىدىكى يەرلەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈشتە، كېلىشىپ ئۆلكۈچە ئىجارىگە بېرىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، خېرىدار چاقىرىش، ئاشۇرۇپ سېتىش ئىشىنى يولغا قويۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، يەرنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، نورمال بولغان يەر ئىشلىتىش ھوقۇقى باھاسىنى بازار ئارقىلىق شەكىللەندۇرۇش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش لازىم. ئۆي ـ زېمىن باج ھەققى ئېلىشقا كىرىشىش ۋە ئۇنى تەڭشەش قاتارلىق چارىلەر ئارقىلىق ئۆي ـ زېمىن سودىسىدا ھەددىدىن زىيادە پايدا ئۇندۇرۇۋالىدىغان ۋە دۆلەت مەنپەئەتى نىرى ـ بېرى بولۇپ كېتىدىغان ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئالىي دەرىجىلىك ئۆيلەرنىڭ ۋە يۇقىرى ئىستېماللىق ئالىي ئويۇن ـ تاماشا مۇئەسسەسەلىرىنىڭ تېز كۆپىيىپ كېتىشىنى تىزگىنلەش لازىم. شەھەر ـ بازارلاردىكى ئۆي ـ جاي تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، ئۆي ـ جايغا ئىشلىتىلىدىغان يەر باھاسىنى كونترول قىلىپ، ئۆي ـ جاينىڭ تاۋارلىشىشىنى ۋە ئۆي-جاي قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

تېخنىكا ـ ئۇچۇر بازارلىرىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. ئۇنىڭغا رىقابەت مېخانىزمىنى تەتبىقلاش، ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش، تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بېرىش ئىشىنى يولغا قويۇش، تېخنىكا مـەھسۇلاتلىرى ۋە ئۇچۇرنى تاۋارلاشتۇرۇش، كەسىپلەشتۈرۈش لازىم.

(14) بازارنىڭ ۋاسىتىچى تەشكىلاتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مۇلازىمەتچىلىك، تۇتاشتۇرۇش، رەسمىي گۇۋاھلىق بېرىش، نازارەت قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇش. نۆۋەتتە بوغالتىر، مۇپەتتىش ۋە ئادۋوكات ئىشلىرى ئىشخانىسى، گۇۋاھلىق ـ كېسىم ئاپپاراتلىرى، ئۆلچەمگە ۋە سۈپەت تەكشۈرۈشكە گۇۋاھلىق بېرىش ئاپپاراتلىرى، ئۇچۇر ـ مەسلىھەت ئاپپاراتلىرى، مال ـ مۈلۈك ۋە مەبلەغ ئىناۋىتىنى باھالاش ـ مۆلچەرلەش ئاپپاراتلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئاپپاراتلارنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. كەسىپداشلار جەمئىيىتى، سودا جەمئىيىتى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. ۋاسىتىچى تەشكىلاتلار قانۇن بويىچە سالاھىيەتنى بېكىتىش، بازار تەرتىپىگە ئاساسلىنىش ئارقىلىق، قانۇن

خاراكتېرلىك ھەرىكەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، مۇناسىپ قانۇن جاۋابكارلىقىنى ۋە ئىقتىسادىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى ھەمدە ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىنى ۋە نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

(15) بازار باشقۇرۇش ۋە بازار نازارەتچىلىكىنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش. بازارغا سېلىش، بازار رىقابىتى ۋە بازار سودىسىنىڭ نورمال تەرتىپىنى بەرپا قىلىپ، ئادىل سودىغا، باراۋەرلىك ئاساسىدىكى رىقابەتكە كاپالەتلىك قىلىپ، تىجارەتچىلەر بىلەن ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش لازىم. ساختا ۋە ناچار مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش، ئالدامچىلىق بىلەن بازارنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋې لىشتەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى قانۇن بويىچە قەتئىي جازالاش كېرەك. بازار سودىسىنىڭ ئۇچۇقلۇق دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، بازاردا قانۇنلارنى ئىجرا قىلىدىغان ۋە نازارەتچىلىك قىلىدىغان نوپۇزلۇق ئاپپاراتلارنى بەرپا قىلىپ، بازار باشقۇرۇشىنى كۈچەيتىش، جامائەتچىلىكنىڭ بازارغا نازارەتچىلىك قىلىش جەھەتتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم.

## 4. ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئومۇمىي ئىگىلىكنى تەڭشەش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش

(16) ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى ئىسلاھ قىلىش — سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ جىددىي تەلىپى. ھۆكۈمەتنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى، ئاساسەن ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش - تىزگىنلەش سىياسىتىنى تۈزۈش ۋە ئىجرا قىلىش، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئوبدان مۇھىت يارىتىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، بازار سىستېمىسىنى يېتىلدۈرۈش، بازار ھەرىكىتىگە نازارەتچىلىك قىلىش ۋە باراۋەرلىك ئاساسىدىكى رىقابەتنى قوغداش، ئىجتىمائىي تەقسىماتنى تەڭشەش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىشلىرىنى تەشكىللەش، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش، تەبىئىي بايلىقنى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش، دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ۋە دۆلەت مۈلكى تىجارىتىگە نازارەتچىلىك قىلىش، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ھۆكۈمەت

www.uyghurkitap.com

ئىقتىسادىي ۋاستە، قانۇنىي ۋاستە ۋە زۆرۈر مەمۇرىي ۋاستىلەر ئارقىلىق خەلق ئىگىلىكىنى باشقۇرىدۇ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت پائالىيەتلىرىگە بىۋاستە ئارىلاشمايدۇ.

ھازىر ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەردە ئومۇميۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان ئاپپاراتلار كېلەڭسىز بولۇپ كېتىش، ئىشتىن ئادەم كۆپ بولۇش، فۇنكسىيە ئايرىلىشىپ كېتىش ۋە ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش مەسىلىسى كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەشكە ۋە يېڭى تۈزۈلمە بەرپا قىلىش سۈرئىتىگە ئېغىر توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش، ئىخچاملاش، بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ئىشىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش ۋە ئىمكانقەدەر بالدۇر تاماملاش كېرەك. ھۆكۈمەتنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش تارماقلىرى فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك، كەسپىي ئىقتىسادىي تارماقلار پەيدىنپەي ئازايتىلىشى، ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي تارماقلار ھەر تەرەپلىمە ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھۆكۈمەتنىڭ ئىجتىمائىي باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ نورمال يۈرۈشۈپ تۇرۇشىنى ۋە ياخشى جەمئىيەت تەرتىپىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

(17) سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىدە مۇكەممەل بولغان ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش - تىزگىنلەش سىستېمىسى بولۇشى كېرەك. ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش - تىزگىنلەشنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى مۇنۇلار: ئومۇمىي ئىقتىسادىي مىقدار جەھەتتىكى ئاساسىي تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، خەلق ئىگىلىكىنى ئىزچىل، تېز ۋە ساغلام راۋاجلىنىش ئىزىغا سېلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي تېپىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش. ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش - تىزگىنلەشتە ئاساسەن ئىقتىسادىي چارە قوللىنىلىدۇ، يېقىنقى مەزگىلدە مالىيە - باج، پۇل مۇئامىلىسى، مەبلەغ سېلىش ۋە پىلان تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش جەھەتلەردە چوڭ قەدەم تاشلاپ، پىلان، پۇل مۇئامىلىسى ۋە مالىيە ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ماسلىشىدىغان ۋە بىر - بىرىنى چەكلەپ تۇرىدىغان مېخانىزم بەرپا قىلىپ، ئىقتىسادىي ھەرىكەتنى ھەر تەرەپلىمە ماسلاشتۇرۇش ئىشىنى كۈچەيتىش لازىم. پىلاندا خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات نىشانى، ۋەزىپىسى، شۇنىڭدەك يۈرۈشلەشتۈرۈپ يولغا قويۇلىدىغان ئىقتىسادىي سىياسەتلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى كېرەك؛ مەركەزىي بانكىسى پۇل قىممىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشنى ئاساسىي نىشان قىلىشى، پۇل بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنى تەڭشىشى ھەمدە خەلقئارا كىرىم - چىقىم تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىشى كېرەك؛ مالىيىدە خام چوت ۋە باج ۋاستىسىنى تەتبىق قىلىپ،

ئىقتىسادىي قۇرۇلما ۋە ئىجتىمائىي تەقسىماتنى نۇقتىلىق تەڭشەش لازىم. پۇل سىياستى ۋە مالىيە سىياستىنى تەتبىق قىلىپ، ئىجتىمائىي ئومۇمىي تەلەپ بىلەن ئومۇمىي تەمىناتنىڭ ئاساسىي تەڭپۇڭلۇقىنى تەڭشەپ ھەمدە ئۇنى كەسىپ سىياستىگە ماسلاشتۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ تەككەش راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

(18) مالىيە ـ باج تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش. يېقىنقى مەزگىل ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بۇ ئىسلاھاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى شۇكى، بىرىنچىدىن، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان يەرلىك مالىيە ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى مۇۋاپىق ئايرىش ئاساسىدىكى باج ئايرىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىپ، مەركەز باج سىستېمىسى بىلەن يەرلىك باج سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش. دۆلەتنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش ۋە ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش ـ تىزگىنلەشنى يولغا قويۇش جەھەتتە زۆرۈر بولغان باج تۈرىنى مەركەز بېجى قاتارىغا كىرگۈزۈش؛ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئاساسىي باج تۈرلىرىنى ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان باج قاتارىغا كىرگۈزۈش؛ يەرلىك باجنىڭ تۈرلىرىنى تولۇقلاپ، كىرىمىنى كۆپەيتىش. ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش، مالىيە مەنبە-سىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق، مالىيە كىرىمىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىدىكى نىسبىتىنى پەيدىنپەي ئاشۇرۇش، مەركەز مالىيە كىرىمى بىلەن يەرلىك مالىيە كىرىمىنىڭ نىسبىتىنى مۇۋاپىق بەلگىلەش. مەركەز مالىيىسىنىڭ يەرلىككە قايتۇرۇش ۋە يۆتكەش ـ تۆلەش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، تەقسىمات قۇرۇلمىسى ۋە رايون قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، بولۇپمۇ ئىقتىسادى تەرەققىي قىلمىغان رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە كونا سانائەت بازىلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىگە يار ـ يۆلەك بولۇش. ئىككىنچى، باج قانۇنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، باج سېلىقىنى ئادىل قىلىش، باج تۈزۈمىنى ئاددىيلاشتۇرۇش ۋە ھوقۇقنى مۇۋاپىق ئايرىش پرىنسىپى بويىچە، باج تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش. قىممىتى ئاشىدىغان باجنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئوبوروت بېجى تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئاز ساندىكى تاۋارلاردىن ئىستېمال بېجى ئېلىش، زور بىر قىسىم غەيرىي تاۋارلار تىجارىتىدىن داۋاملىق تىجارەت بېجى ئېلىش. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تاپاۋەت بېجى نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش، ئېنېرگىيە، قاتناشقا دائىر نۇقتىلىق قۇرۇلۇش فوندى ۋە خام چوت تەڭشەش فوندىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئاساسىدا، كارخانىلار قانۇن بويىچە باج تاپشۇرۇش، دۆلەت بىلەن دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ پايدا تەقسىم قىلىش مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇش. كارخانىلاردىن ئېلىنىدىغان تاپاۋەت بېجى بىلەن شەخسلەردىن ئېلىنىدىغان تاپاۋەت بېجىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، باج نىسبىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش،

www.uyghurkitap.com

باج ئاساسىنى كېڭەيتىش. بەزى باج تۈرلىرىنى ئېچىش ۋە تەڭشەش، باجنى كېمەيتىش ــ كۆتۈرۈۋېتىش ئىشلىرىنى ئېنىقلاش. باج ئېلىش ــ باج باشقۇرۇش ئىشلىرىنى چىڭىتىش، باجنىڭ ئېرى-بېرى بولۇپ كېتىشىنى توسۇش. ئۈچىنچى، تەكرار خام چوت تۈزۈمىنى ياخشىلاش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش. ھۆكۈمەتنىڭ جامائەت خام چوتى ۋە دۆلەت مۈلكى تىجارىتى خام چوتىنى ئورنىتىش ھەم ئېھتىياجغا قاراپ ئىجتىمائىي كاپالەت خام چوتى ۋە باشقا خام چوتلارنى تۈزۈشكە ئىمكان بېرىش. مالىيە قىزىل رەقىمىنى قاتتىق تىزگىنلەش. مەركەز مالىيىسى قىزىل رەقەمنى ئەمدى بانكىدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلىش يولى بىلەن ھەل قىلماي، ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە قىسقا مۇددەتلىك دۆلەت قەرز چېكى تارقىتىش يولى بىلەن ھەل قىلىش. ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى ــ تاشقى قەرز ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش.

(19) پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش. جۇڭگو خەلق بانكىسى مەركىزىي بانكا بولۇش سۈپىتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ رەھبەرلىكىدە پۇل سىياسىتىنى مۇستەقىل ئىجرا قىلىدۇ ۋە ئاساسلىقى كرېدىت كۆلىمىنى باشقۇرۇشقا تايىنىشتىن ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى نىسبىتى، مەركەز بانكىسى قەرز بەرگەن پۇلنىڭ پايدا نىسبىتى ۋە ئاشكارا بازار كەسپى قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىشقا ئۆتۈپ، پۇل بىلەن تەمىنلەش مىقدارىنى تەڭشەش-تىزگىنلەش ئارقىلىق، پۇل قىممىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلايدۇ؛ تۈرلۈك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى نازارەت قىلىش ــ باشقۇرۇش ئارقىلىق، پۇل مۇئامىلە تەرتىپىنى قوغدايدۇ، ئەمدى غەيرىي پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىغا كەسپىي ئىشلارنى بېجىرىپ بەرمەيدۇ. بانكا كەسپى بىلەن ئاكسىيە كەسپىنى ئايرىپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلىدۇ. پۇل سىياسىتى كومىتېتى قۇرۇلۇپ، پۇل سىياسىتى ۋە كرېدىت سىياسىتى ۋاقتىدا تەڭشىلىدۇ. باش بانكىنىڭ ۋەكالەت ئورگىنى بولغان جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ تارماق ئورگانلىرى پۇلنىڭ مەملىكەت مىقياسىدا ئوبوروت قىلىنىش ۋە مەركەزلەشتۈرۈش زۆرۈر بولغان بىر تۇتاش تەڭشەش تەلپى بويىچە، پائال شارائىت يارىتىپ، مەمۇرىي رايونلاردىن ھالقىغان ھالدا تەسىس قىلىنىشى كېرەك.

سىياسەت خاراكتېرىدىكى بانكىلار قۇرۇلۇپ، سىياسەت خاراكتېرىدىكى كەسىپ بىلەن سودا خاراكتېرىدىكى كەسىپلەر ئايرىلىدۇ. دۆلەت تەرەققىيات بانكىسى ۋە ئىمپورت ــ ئېكسپورت كرېدىت بانكىسى قۇرۇلىدۇ، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىدۇ، ئۇلار دائىرىسى قاتتىق بەلگىلەنگەن سىياسەت خاراكتېرىدىكى كەسىپلەرنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

سودا خاراكتېرىدىكى بانكىلار راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. ھازىرقى كەسپىي بانكىلار پەيدىنپەي سودا بانكىلىرىغا ئۆزگەرتىلىدۇ ھەمدە ئېھتىياجغا قاراپ يېزا ھەمكارلىق بانكىلىرى ۋە شەھەر ھەمكارلىق بانكىلىرى باسقۇچلۇق

تەشكىل قىلىنىدۇ. سودا بانكىلىرى مۇلۈك قەرز نىسبىتىنى ۋە خېيىم ـ خەتەرگە دائىر ئىشلارنى باشقۇرىدۇ، غەيرىي بانكا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى قېلىپلاشتۇرۇلىدۇ ۋە راۋاجلاندۇرۇلىدۇ.

مەركەز بانكىسى مەبلەغ جەھەتتىكى تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئەھۋالىغا ئاساسەن توپ ئۆسۇم نىسبىتىنى ۋاقتىدا تەڭشەيدۇ ھەمدە سودا بانكىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل ـ قەرز پۇل ئۆسۇم نىسبىتىنىڭ بەلگىلەنگەن نىسبەتتە ئەركىن ھالدا تۇراقسىز بولۇشىغا يول قويىدۇ. تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، بازارنى ئاساس قىلغان، باشقۇرۇشى بولغان تۇراقسىز پېرېۋوت نىسبىتى تۈزۈمى ۋە بىر تۇتاش قېلىپلاشتۇرۇلغان تاشقى پېرېۋوت بازىرى بەرپا قىلىنىدۇ. خەلق پۇلى پەيدىنپەي ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان پۇلغا ئايلاندۇرۇلىدۇ.

بانكا سىستېمىسى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى بىلەن تورلاشتۇرۇلۇپ، سودا پېرېۋوت چېكى ۋە پۇل چېكى قاتارلىق راسچوت قوراللىرىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى كېڭەيتىلىدۇ، راسچوت ئىنتىزامى چىڭىتىلىپ، ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلىدۇ، ئىناۋەتلىك كارتوچكا ئىشلىتىش پائال يولغا قويۇلۇپ، نەق پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى ئازايتىلىدۇ.

(20) مەبلەغ سېلىش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش. قانۇنىي ئىگىنىڭ مەبلەغ سېلىشى ۋە بانكا كرېدىتى بويىچە خېيىم ـ خەتەر جاۋابكارلىقى پەيدىنپەي ئورنىتىلىدۇ. رىقابەتلىك قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە مەبلەغ سېلىشنى كارخانىلار ئۆز ئالدىغا بەلگىلەيدۇ، خېيىم ـ خەتەرنى ئۆزى ئۈستىگە ئالىدۇ، بۇنىڭغا كېتىدىغان قەرز پۇلنى سودا بانكىلىرى ئۆز ئالدىغا بەلگىلەيدۇ؛ پايدا ـ زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدۇ. قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تىزىملاپ ئەنگە ئالدۇرۇش تۈزۈمى ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان مەمۇرىيەت تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا قويۇلۇپ، بۇ جەھەتتىكى مەبلەغ سېلىش ۋە مەبلەغنى يۈرۈشتۈرۈش پائالىيەتلىرى بازارغا يۈزلەندۈرۈلىدۇ، دۆلەت ئۇنى كەسىپ سىياسىتى بويىچە يېتەكلەيدۇ. ئاساسىي تۈرلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان قۇرۇلۇشقا ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ مەبلەغ سېلىپ قاتنىشىشى رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ ۋە جەلپ قىلىنىدۇ. يەرلىك ھۆكۈمەتلەر رايون خاراكتېرلىك ئاساسىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ. دۆلەتنىڭ چوڭ ـ چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى، بىر تۇتاش پىلان بويىچە، دۆلەت تەرەققىيات بانكىسى قاتارلىق سىياسەت خاراكتېرىدىكى بانكىلار مالىيەدىن مەبلەغ سېلىش، مەبلەغنى يۈرۈشتۈرۈش ۋە پۇل مۇئامىلە قەرز چېكى تارقىتىش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق مەبلەغ توپلاش، پاي ھوقۇقىنى تىزگىنلەش، پايغا قاتنىشىش ۋە سىياسەت خاراكتېرىدىكى قەرز پۇلدا ئېتىبار بېرىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق

ئېلىپ بارىدۇ؛ كارخانا تىپىدىكى قانۇنىي ئىگە پىلانلاش، مەبلەغ توپلاش، قۇرۇلۇش قىلىش، ھەتتا ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش، قەرز پۇللارنى ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرۇش شۇنداقلا مۈلۈكنىڭ قىممىتىنى ساقلاش – ئاشۇرۇش ئىشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا مەسئۇل بولىدۇ. ئىجتىمائىي پاراۋانلىق خاراكتېرىدىكى قۇرۇلۇش تۈرلىرى جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىن كەڭ كۆلەمدە مەبلەغ قوبۇل قىلىش، مەركەز بىلەن جايلارنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنىڭ ئايرىلىشىغا ئاساسەن، ھۆكۈمەت مالىيە جەھەتتە بىر تۇتاش پىلانلاش ئارقىلىق ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

(21) پىلان تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، پىلانلىق باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى يەنىمۇ ئۆزگەرتىش. دۆلەت پىلانى بازارنى ئاساس قىلىدۇ، ئۇ ئومۇمىي جەھەتتە يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلان بولۇشى كېرەك. پىلان خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسى—خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ستراتېگىيىلىك نىشانىنى، ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش – تىزگىنلەش نىشانىنى ۋە كەسىپ سىياسىتىنى مۇۋاپىق بەلگىلەش، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالدىن مۆلچەرلەش ئىشىنى ئوبدان ئىشلەش، چوڭ – چوڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىلارنى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى، دۆلەت زېمىنىنى رەتكە سېلىش ۋە نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى پىلانلاشتىن ئىبارەت. پىلان خىزمىتىدە ئومۇمىي خاراكتېر، ستراتېگىيە خاراكتېرى، سىياسەت خاراكتېرى گەۋدىلەندۈرۈلۈشى، مۇھىم نۇقتا ئوتتۇرا مۇددەتلىك ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان ئۈستىگە قويۇلۇشى، ئومۇمىي ئىگىلىك سىياسىتى ۋە ئىقتىسادىي پىشاڭنى تەتبىقلاش ئىشى ھەر تەرەپلىمە ماسلاشتۇرۇلۇشى كېرەك. خەلق ئىگىلىكىنىڭ يېڭى ھېسابات سىستېمىسى بەرپا قىلىنىپ، ئومۇمىي ئىگىلىكنى كۆزىتىش، ئالدىن مەلۇم قىلىش سىستېمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ.

(22) مەركەز بىلەن جايلارنىڭ ئىقتىسادنى باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسىنى مۇۋاپىق ئايرىپ، مەركەز بىلەن جايلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇش. ئومۇمىي ئىگىلىكنى تەڭشەش – تىزگىنلەش ھوقۇقى جۈملىدىن پۇل تارقىتىش، تۈپ ئۆسۈم نىسبىتىنى بەلگىلەش، پېرېۋوت نىسبىتىنى تەڭشەش، مۇھىم باج تۈرلىرىنىڭ باج نىسبىتىنى تەڭشەش ۋە باشقىلارنى مۇقەررەر مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك. بۇ ئومۇمىي ئىقتىسادىي مىقدارنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇش ۋە بازارلارنى مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئېھتىياجى. دۆلىتىمىز چوڭ دۆلەت، ئاھالىسى كۆپ، شۇڭا ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرگە تېگىشلىك ھوقۇق بېرىپ، ئۇلارنى دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزاملىرى ۋە ئومۇمىي سىياسىتى بويىچە، رايون خاراكتېرلىك قانۇن – نىزام، سىياسەت

ۋە ئومۇمىي پىلان تۈزۈش؛ يەرلىك باج ۋە خام چوت ئارقىلىق ئۆز رايونىنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنى تەڭشەش؛ ئۆز يېرىنىڭ بايلىق مەنبەلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆز رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

## 5. مۇۋاپىق شەخسىي كىرىم تەقسىمات تۈزۈمىنى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش

(23) شەخسىي كىرىم تەقسىماتىدا ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساس قىلىش، كۆپ خىل تەقسىمات ئۇسۇلى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش، ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ھەم ئادىل بولۇش پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. ئەمگەكچىلەرنىڭ شەخسىي ئەمگەك كىرىمىنى رىقابەت مېخانىزمىغا كىرگۈزۈپ، تەڭ تەقسىماتچىلىقنى بۇزۇپ تاشلاپ، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ھەق ئېلىش، پەرقنى مۇۋاپىق كېڭەيتىش يولىنى تۇتۇش لازىم. بىر قىسىم رايون ۋە بىر قىسىم كىشىلەرنى ھالال ئەمگەك ۋە قانۇنلۇق يول بىلەن تىجارەت قىلىش ئارقىلىق ئاۋۋال بېيىشقا رىغبەتلەندۈرۈش سىياستىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاۋۋال بېيىغانلار كېيىن بېيىغانلارغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ياردەم بېرىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئورتاق بېيىشنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

(24) كارخانا، كەسپىي ئورۇن ۋە مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىگە باپ كېلىدىغان ئىش ھەققى تۈزۈمى ۋە نورمال ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ ئۆسۈش نىسبىتىنى كارخانا ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئۆسۈش نىسبىتىدىن تۆۋەن قىلىش ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىش ھەققىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆسۈش نىسبىتىنى شۇ كارخانا ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئۆسۈش نىسبىتىدىن تۆۋەن قىلىش شەرتى ئاستىدا، ئىشقا ئورۇنلىشىش جەھەتتىكى تەمىنلەش بىلەن تەلەپنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار سىياسەتلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئىش ھەققى دەرىجىسى ۋە ئىچكى تەقسىمات ئۇسۇلىنى ئۆز ئالدىغا بەلگىلەيدۇ. مەمۇرىي ئورگانلاردا دۆلەت خىزمەتچىلىرى تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ، دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ مائاشىنى دۆلەت ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىغا قاراپ ۋە كارخانىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى دەرىجىسىدىن پايدىلىنىپ بەلگىلەپ ۋە تەڭشەپ، نورمال دەرىجە ئۆستۈرۈش ۋە مائاش ئۆستۈرۈش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

كەسپىي ئورۇنلاردا ئوخشاش بولمىغان ئىش ھەققى تۈزۈمى ۋە تەقسىمات شەكلى يولغا قويۇلىدۇ، شەرت ھازىرلىغان ئورۇنلار كارخانا ئىش ھەققى تۈزۈمىنى يولغا قويسا بولىدۇ. دۆلەت تۈزۈپ چىققان ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى ئۆلچىمىنى تولۇق كارخانا ـ كەسپىي ئورۇنلار قاتتىق ئىجرا قىلىشى كېرەك. شەخسىي كىرىمنى يولغا قويۇلغان ۋە قېلىپلاشتۇرۇش ئىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

(25) دۆلەت قانۇنىي ئىگىلەر ۋە ئاھالىلەرنىڭ بارلىق قانۇنلۇق كىرىمى ۋە مال ـ مۈلكىنى قانۇن بويىچە قوغدايدۇ، شەھەر-يېزا ئاھالىلىرىنى پۇل ئامانەت قويۇشقا ۋە مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ، شەخسكە خاس كاپىتال قاتارلىق مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ پايدا تەقسىماتىغا قاتنىشىشىغا يول قويىدۇ. شەخسىي كىرىمدىن تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باجنى مەلۇم قىلىش تۈزۈمىنى پەيدىنپەي ئورنىتىپ، شەخسىي تاپاۋەتتىن باج ئېلىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش ئىشىنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، مۇۋاپىق پەيتتە مىراس بېجى ۋە ھەدىيە بېجى ئېلىشنى يولغا قويىدۇ. تەقسىمات سىياستى ۋە باجنى تەڭشەش ئارقىلىق، ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ كىرىمى بەكلا يۇقىرى بولۇپ كېتىش ئارقىسىدا ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ كېتىش يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. ئومۇمنىڭ مۈلكىنى سوقۇۋېلىش ۋە باج ئوغرىلاش ـ باج تاپشۇرۇشقا قارشى چىقىش، پارا بېرىش، پارا ئېلىش، خىيانەت قىلىپ قانۇننى بۇزۇش قاتارلىق قانۇنسىز ۋاستىلەر بىلەن تاپاۋەت قىلغانلارنى قانۇن بويىچە جازالاش لازىم.

(26) كۆپ قاتلاملىق ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش—كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلار-نىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئوڭۇشلۇق بەرپا قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، نەپىقە بېرىش ـ ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي ھەمكارلىق، شەخسىي ئامانەت جۇغلانما كاپالىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىجتىمائىي كاپالەت سىياستىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە باشقۇرۇشنى قانۇنچىلىق ئىزىغا سېلىش لازىم. ئىجتىمائىي كاپالەت سەۋىيىسى ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ۋە ھەر ساھەنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىغا لايىقلىشىشى كېرەك. شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت چارىسى پەرقلىق بولۇشى لازىم. ئىجتىمائىي ھەمكارلىق كاسسىسىنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. سودا خاراكتېرىدىكى سۇغۇرتا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى ئىجتىمائىي سۇغۇرتىنىڭ تولۇقلىمىسى قىلىش لازىم.

(27) ئىجتىمائىي كاپالەتنىڭ مەبلەغ مەنبەسى ۋە كاپالەت شەكلىنى ئۇنىڭ تۈرلۈك تىپىغا قاراپ

بەلگىلەش لازىم. كارخانىلارنىڭ ياشانغانلارنى بېقىش تۈزۈمى ۋە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى ئوقتىلىق مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇلازىمەتچىلىك ئىقتىدارىنى كۆچەيتىپ، شۇ ئارقىلىق كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش، كارخانىلارنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە تۈرتكە بولۇش ۋە كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ھەم رىقابەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك. شەھەر ـ بازارلاردىكى ياشانغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ سۇغۇرتا پۇلى ۋە داۋالىنىش سۇغۇرتا پۇلىنى شۇلار تۇرۇشلۇق ئورۇن ۋە شەخسلەر تەڭ ئۈستىگە ئالىدۇ، جەمئىيەت بويىچە بىر تۇتاش مەبلەغ جۇغلاش بىلەن شەخسىي ھېساباتتىن تۆلەشنى بىرلەشتۈرۈش يولى تۇتۇلىدۇ. ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، سۇغۇرتا پۇلىنى كارخانىلار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ مەلۇم نىسبىتى بويىچە بىر تۇتاش تاپشۇرۇشى كېرەك. كارخانىلارنىڭ ئىش ئۈستىدە زەخىملىنىش سۇغۇرتا تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورنىتىش لازىم. دېھقانلاردىن ياشانغانلارنى بېقىشتا ئائىلە كاپالىتىنى ئاساس قىلىش بىلەن شەھەر ياكى رايوننىڭ يار-يۆلەك بولۇشىنى بىرلەشتۈرۈش لازىم. شارائىتى يار بېرىدىغان جايلار، دېھقانلار- نىڭ ئىختىيارىيلىقىغا ئاساسەن، ياشانغانلارنى شەخسىي ئامانەت جۇغلانمىسى بىلەن بېقىش سۇغۇرتىسىنى يولغا قويسىمۇ بولىدۇ. يېزىلاردىكى ھەمكارلىشىپ داۋالاش تۈزۈمىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم.

(28) بىرلىككە كەلگەن ئىجتىمائىي كاپالەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى بەرپا قىلىش. ئىجتىمائىي كاپالەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندى جۇغلاش ۋە ئۇنى ئىشقا سېلىش بويىچە ياخشى سۈپەتلىك ئايلانما مېخانىزمنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. ئىجتىمائىي كاپالەت جەھەتتىكى مەمۇرىي باشقۇرۇش بىلەن ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندىنى باشقۇرۇشنى ئايرىۋېتىش لازىم. ئىجتىمائىي كاپالەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ئاساسلىقى مەمۇرىي باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ۋە جامائەتچىلىك ۋەكىللىرى قاتناشقان ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندىغا نازارەتچىلىك قىلىش تەشكىلاتلىرىنى بەرپا قىلىپ، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندىنىڭ كىرىم ـ چىقىم قىلىنىشى ۋە باشقۇرۇلۇشى ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىش لازىم. ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندىنى باشقۇرۇش ئورگىنى، فوندنىڭ نورمال تۆلىمى ۋە بىخەتەر يۈرۈشۈپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندىنى قانۇن بويىچە ئاساسەن دۆلەت قەرز چېكى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىپ، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ـ ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلسا بولىدۇ.

## 6. يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش

(29) يېزا ئىگىلىكى، يېزا ۋە دېھقانلار مەسىلىسى ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى توپ مەسىلە. ئېلىمىز يېزىلىرىدا ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھات يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قىياپىتىدە تارىخىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش بىلەن بىرگە، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقىمۇ ئاساس سېلىپ بەردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يېزىلاردا تەخىرسىز ھەل قىلىشقا تېگىشلىك يېڭى مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى، بۇلار ئاساسەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ بولۇپمۇ ئاشلىق ـ پاختا ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ سېلىشتۇرما ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىش، سانائەت ـ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى باھاسىنىڭ قايچىسىمان پەرقى چوڭىيىپ كېتىش، دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئاستىلاپ كېتىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان توپ سىياسىتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي ئورنىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كۈچەيتىپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە، يېزا ئىگىلىكىدە يەنە بىر يېڭى بالداق ئۆرلەپ، كەڭ دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى كىيىمى پۈتۈن ـ قورسىقى توق بولۇشتىن ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(30) ئېلىمىزنىڭ يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتى قۇرۇلمىنى تەڭشەش ۋە ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى ئاساسىي بەلگە قىلغان يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى. بازارنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىستېمال تەلپىگە بولغان ئۆزگىرىشكە ماسلىشىپ، مەھسۇلات تۈرلىرى قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، ئەلا سۈپەتلىك ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك نىشانغا قاراپ تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. ئاشلىق-پاختا قاتارلىق ئاساسىي يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى مۇقىم ئاشۇرۇپ بېرىش شەرتى ئاستىدا، يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ۋە يېزا ئىگىلىك كەسپىگە كىرمەيدىغان باشقا كەسىپلەرنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىگە ئىشقا ئورۇنلىشىش جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت يارىتىپ بېرىش لازىم. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى قۇرۇلمىسى ۋە يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئۈچۈن، يېزا بازارلىرىنى پائال يېتىشتۈرۈپ، رايونلار ئارا قامال قىلىدىغان، شەھەر بىلەن يېزىنى ئايرىۋېتىدىغان ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئوبوروتنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ، يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئېچىۋېتىش دەرىجىسىنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك ئىقتىسادىي بايلىقلارنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە يۈرۈشۈپ تۇرۇش ۋە بىرىكىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. بۇ—يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنىڭ توپ يولى.

(31) ئائىلە بويىچە مەھسۇلاتقا باغلاپ ھۆددىگە بېرىشنى ئاساس قىلغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە

بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى—يېزىلاردىكى ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈم، شۇڭا ئۇنى ئۇزاقىچە تۇراقلاشتۇرۇش ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. يەرگە كوللېكتىپ ئىگىدارلىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، تېرىلغۇ يەرلەرنى ھۆددىگە بېرىش مۇددىتىنى ئۇزارتىش، تەرەققىيات خاراكتېرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرىنى ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلىشقا يول قويۇش، يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە ھەقلىق ئۆتكۈزۈشكە يول قويۇش لازىم. ئىقتىسادى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان ئاز ساندىكى جايلاردا، ئامما ئىختىيار قىلىش پرىنسىپى بويىچە، ھۆددىگەرلىكنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش، پاي قوشۇش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، مۇۋاپىق كۆلەملىك ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ۋە يەر ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرسە بولىدۇ. يېزا – كەنتلەردىكى كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى پائال قۇرۇپ، ئائىلە ئىگىلىكىنى مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىشى، كوللېكتىپ مۈلۈك ۋە مەبلىغىنى پەيدىنپەي كۆپەيتىپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىشى لازىم.

(32) يېزىلاردا ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەتچىلىك سىستېمىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپلىشىش، تاۋارلىشىش ۋە ئىجتىمائىيلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش. دېھقانلارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، كۆپ خىل مۇلازىمەتچىلىك تەشكىلاتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا – كەنت كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرى، دۆلەت ئىقتىساد – تېخنىكا تارماقلىرى ۋە تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا جەمئىيىتى قاتارلىق دېھقانلارنىڭ بىرلەشمە تەشكىلاتلىرى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن مۇلازىمەتچىلىك تورلىرىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. ھەر دەرىجىلىك تەمىنات – سودا كوپېراتىپلىرى ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىنى ھەقىقىي قۇرۇپ چىقىپ، ئۈنۈۋېرسال مۇلازىمەتچىلىك تەشكىلاتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىشى لازىم. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تىجارىتىنى پەيدىنپەي ئومۇميۈزلۈك قويۇۋېتىش، تارماقلار ئارا بۆلۈنۈپ كېتىدىغان، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئايرىۋېتىدىغان ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش، سودا – سانائەت – يېزا ئىگىلىك بىر گەۋدە قىلىنغان تۈرلۈك شەكىلدىكى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە سېتىش ھالقىلىرىنى زىچ بىرلەشتۈرۈش لازىم. يېزا مائارىپىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك. يېزا ئىگىلىك، پەن – تېخنىكا ۋە مائارىپنى بىرلەشتۈرۈش ئىشىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىك، پەن – تېخنىكا تەتقىقاتىنى ۋە ئىلغار ئەمەلىي تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشىنى كۈچەيتىپ، ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋى پەن – تېخنىكا ئارقىلىق ئۆزگەرتىش لازىم. خەلقئارا بازارغا پائال يۈزلىنىپ، يۇقىرى قوشۇمچە قىممەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرالايدىغان ۋە ئېكسپورت ئارقىلىق تاشقى پېرېۋوت تاپالايدىغان يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

(33) يېزا – بازار كارخانىلىرى—يېزا ئىقتىسادىنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكى. ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەسسىدارلىق ئاساسىدىكى ھەمكارلىق تۈزۈمىنى راۋاجلاندۇرۇپ،

مۇلۇك ھوقۇقى تۈزۈمى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئاشۇرۇش لازىم. مۈلۈك ھوقۇقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئاساسىدا، مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ رايونلار ئارا يۆتكىلىشى ۋە بىرىكىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كارخانىلار-نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتۇرۇش لازىم. پىلانلاش ئىشىنى كۈچەيتىش، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى مۇۋاپىق تۈردە مەركەزلىشىشكە يېتەكلەش، ھازىرقى كىچىك شەھەر - بازارلاردىن تولۇق پايدىلىنىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش، يېڭى كىچىك شەھەر - بازارلارنى قۇرۇش لازىم. كىچىك شەھەر - بازارلارنىڭ نوپۇس باشقۇرۇش تۈزۈمىنى پەيدىنپەي ئىسلاھ قىلىش، دېھقانلارنىڭ كىچىك شەھەر - بازارلارغا كىرىپ ئىش ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇش، يېزىلاردا ئۈچىنچى كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىپ تۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇش لازىم.

(34) ھۆكۈمەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا مەدەت بېرىش ۋە دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئىشىنى كۈچەيتىش. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسىنى پەيدىنپەي كۆپەيتىشى، دېھقانلارنى ۋە كوللېكتىپنى ئەمگەك ۋە مەبلەغ سېلىنمىسىنى كۆپەيتىشكە پائال ئىلھاملاندۇرۇشى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى داۋاملىق ياخشىلاپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماددىي - تېخنىكا ئاساسىنى كۈچەيتىشى لازىم. ئاشلىق قاتارلىق ئاساسىي يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاپىسىنى تەڭشەش سىستېمىسىنى ۋە بازار خېيىم - خەتەر فوندىنى چىڭ تۇتۇپ بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، قوغدىنىش باھاسى بويىچە سېتىۋېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، بازار باھاسىدا چوڭ داۋالغۇش كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان سانائەت تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش كېرەك. دېھقانلار ئۈستىگە ئالغان خىراجەت ۋە ئەمگەك مۇلازىمەتچىلىكىنى قېلىپلاشتۇرۇپ ۋە ئۇنى قانۇن - تۈزۈم يولى بىلەن باشقۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى ھەقىقىي قوغداش لازىم.

(35) نامرات رايونلار بولۇپمۇ كونا ئىنقىلابىي تايانچ بازىلار، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ۋە چەت - ياقا رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا يار - يۆلەك بولۇش كېرەك. شۇ رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مەركەزمۇ، جايلارمۇ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە مەدەت بېرىشى، نامراتلارنى يۆلەش يولىدىكى تەرەققىيات ئىشلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشى، يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق ھالدا ياخشى ئېلىپ بېرىشى، قاتناش - ئالاقە ئەھۋالىنى ياخشىلىشى لازىم. تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن نامرات رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى كادىر ئالماشتۇرۇش ئىشىنى ۋە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى كېڭەيتىش كېرەك. ئامىنىڭ بازار ئىگىلىكى ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ھەر جاينىڭ بايلىق جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئاساسەن ئۆز كۈچىگە تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش مېخانىزمىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈش لازىم.

## 7. تاشقى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشىكنى سىرتقا تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش

(36) ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش، خەلقئارا بازار بىلەن ئىچكى بازاردىن، ئىككى خىل بايلىقتىن تولۇق پايدىلىنىپ، بايلىق تەقسىم قىلىشنى سەرخىللاشتۇرۇش. خەلقئارا رىقابەتكە ۋە خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىشلىرىغا پائال قاتنىشىپ، ئېلىمىز ئىقتىسادىنىڭ سېلىشتۇرما ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئوچۇق ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئېلىمىز ئىقتىسادى بىلەن خەلقئارا ئىقتىسادنى ئۆزئارا باغلاش ۋە تولۇقلاش لازىم. دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ۋە خەلقئارا ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ ئومۇمىي مىزانىغا ئاساسەن، تاشقى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى قېلىپلاشتۇرۇپ ۋە تاشقى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، خەلقئارا رىقابەت ئىقتىدارىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.

(37) ئىشىكنى ھەر تەرەپلىمە ئېچىۋېتىش يولىنى تۇتۇش. ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونلار، دېڭىز بويىدىكى ئوچۇق شەھەرلەر، دېڭىز بويىدىكى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن جايلار شۇنىڭدەك چېگرا ياقىلىرى، دەريا بويلىرى ۋە ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈپ، ئوچۇق رايونلارنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ۋە يېتەكلەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش؛ ئاساسلىق غول قاتناش لىنىيىلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا تۇتاش جايلارنىڭ تەرەققىيات ۋە ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى تېزلىتىش؛ ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارنىڭ چەتنىڭ مەبلىغىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆز تەبىئىي بايلىقلىرىنى ئېچىپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشكە ئىلھام بېرىش؛ بىر تۇتاش پىلانلاش، ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىياتى رايونلىرىنى، باج جەھەتتە قوغدىلىدىغان رايونلارنى ئەستايىدىل ياخشى يولغا قويۇپ، قاتلام جەھەتتىمۇ يېتىشكەن، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىمۇ بولغان ھەر تەرەپلىمە ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش. ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ يۈرۈشۈپ تۇرۇش ۋە ئالمىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، سانائەت ۋە سودا ساھەسىدىكى خەلقئارا ئالاقىگە ئېتىبار بېرىش ئاساسىدا، باشقا كەسىپلەر بويىچە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشىنى تېزلىتىپ، مۇلازىمەت سودىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش. تاموژنا، ئىمپورت ماللىرىنى تەكشۈرۈش ۋە ترانسپورت قاتارلىق سودا ئېغىزىغا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشىلاش. چېگرا سىرتىدىكى ئۆز مەبلىغىمىز بىلەن قۇرۇلغان كارخانىلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش. تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشىنى يۇقىرى قاتلام، كەڭ دائىرە ۋە چوڭقۇرلىشىش تەرىپىگە قاراپ راۋاجلىنىشقا يېتەكلەش.

(38) تاشقى ئىقتىسادىي سودا تۈزۈلمىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىسلاھ قىلىپ، خەلقئارا ئىقتىسادتا ئورتاق قوللىنىلىدىغان قائىدىلەرگە ماس كېلىدىغان ھەرىكەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش. سىياسەتنى بىرلىككە

كەلتۈرۈش، تىجارەتنى قويۇۋېتىش، باراۋەرلىك ئاساسىدا رىقابەتلىشىش، پايدا ـ زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇش، سانائەت بىلەن سودىنى بىرلەشتۈرۈش، ۋەكالەتچىلىك تۈزۈمىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىسلاھات يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش. ھەر خىل كارخانىلارنىڭ تاشقى ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەش ئىشىنى تېزلىتىش، دۆلەتنىڭ تاشقى ئىقتىساد ۋە تاشقى سودا كارخانىلىرىنى زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى بويىچە ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش، شارائىت ھازىرلانغان ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ۋە پەن ـ تېخنىكا كارخانىلىرىغا تاشقى تىجارەت ھوقۇقى بېرىپ، خەلقئارا تۈس ئالغان، كەسىپلەشكەن ۋە گۇرۇھلاشقان بىر تۈركۈم ئۇنىۋېرسال سودا شىركەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش. دۆلەت ئاساسلىقى پېرېۋوت نىسبىتى، باج ۋە كرېدىت قاتارلىق ئىقتىسادىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق تاشقى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى تەڭشەيدۇ. ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلاننى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، مەمۇرىي جەھەتتىكى ئارىلىشىۋېلىشنى ئازايتىش؛ سانىغا چەك قويۇلىدىغان ئاز ساندىكى ئىمپورت ـ ئېكسپورت تاۋارلىرىنى باشقۇرۇشتا، ئۈنۈمگە قاراش، ئادىل ۋە ئاشكارا بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، نورما بويىچە خېرىدار چاقىرىش، ئاشۇرۇپ سېتىش ياكى قائىدىلەشتۈرۈپ تەقسىم قىلىش يولىنى تۇتۇش. ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودا بىرلەشمىلىرىنىڭ ماسلاشتۇرۇپ يېتەكچىلىك قىلىش ۋە مەسلىھەتچىلىك يولى بىلەن مۇلازىمەت قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇش. سۈپەت ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ۋە بازارنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش ستراتېگىيىسىنى پائال ئومۇملاشتۇرۇش. چېگرا سودىسىنى يەنىمۇ ياخشىلاش. ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ بېجىنى قايتۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. چېگرا بېجىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى تۆۋەنلىتىپ، چېگرا بېجى قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، باج ئېلىش ـ باشقۇرۇش ئىشلىرىنى چىڭىتىپ، ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش. تاشقى ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇنىۋېرسال ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ۋە ئومۇمىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش. تاشقى ئىقتىسادقا دائىر قانۇن ـ نىزاملارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت مەنپەئەتىنى قوغداش لازىم.

(39) چەتئەلنىڭ مەبلىغى، تېخنىكىسى، ئىختىساسلىق خادىملىرى ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى پائال كىرگۈزۈش. مەبلەغ سېلىش شارائىتىنى ۋە باشقۇرۇش چارىلىرىنى ياخشىلاپ، چەتتىن كىرگۈزۈش كۆلىمىنى، مەبلەغ سېلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىچكى بازارلىرىمىزنى يەنىمۇ ئېچىۋېتىش. چەتئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلارغا ئۆزىمىزگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىشقا شارائىت يارىتىش، چەتئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلارنى باشقۇرۇش ئىشىنى قانۇن بويىچە مۇكەممەللەشتۈرۈش. چەتئەل مەبلىغىنىڭ نۇقتىلىق ھالدا ئاساسىي ئەسلىھەلەرگە، ئاساسىي كەسىپكە، يۇقىرى ۋە يېڭى تېخنىكا كەسىپكە ۋە كونا كارخانىلارنى تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىشكە سېلىنىشىغا يول كۆرسىتىش ۋە ئېكسپورت تىپىدىكى كارخانىلارنى قۇرۇشقا ئىلھام بېرىش. ئېلىمىزنىڭ بايلىق ۋە بازار جەھەتتىكى سېلىشتۇرما ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، چەتئەل مەبلىغى ۋە تېخنىكىسىنى جەلپ قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمىزنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

# 8. پەن ـ تېخنىكا تۈزۈلمىسىنى ۋە مائارىپ تۈزۈلمىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىسلاھ قىلىش

(40) پەن ـ تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا چوقۇم پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىش، پەن ـ تېخنىكا خىزمىتىنى جەزمەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۈزلەندۈرۈش كېرەك. پەن ـ تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى—سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا لايىقلاشقان، پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، پەن ـ تېخنىكا بىلەن ئىقتىساد زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىپ، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، پەن ـ تېخنىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىش ئارقىلىق، ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا ۋە جەمئىيەتنى ئومۇمىي جەھەتتىن ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. مەركەزمۇ، جايلارمۇ ۋە كارخانىلارمۇ پەن ـ تېخنىكا سېلىنمىسىنى كۆپەيتىپ، قۇرۇلمىسى خىللاشتۇرۇلغان، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق بولغان، ئىخچام ـ يۇقىرى ئۈنۈملۈك تەتقىقات ـ تەرەققىيات سىستېمىسىنى پەيدىنپەي بەرپا قىلىپ، تەرەققىيات تەتقىقاتى، يۇقىرى ـ يېڭى تېخنىكا تەتقىقاتى شۇنىڭدەك كەسىپ تەتقىقاتى ۋە ئاساسىي تەتقىقاتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولۇشى لازىم. تارماقلار ئارا بۆلۈنۈپ كېتىش ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، پەن ـ تېخنىكا سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ مۇۋاپىق تەقسىم قىلىنىشى ۋە يۈرۈشۈپ تۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. «بىر تەرەپنى تۇراقلاشتۇرۇپ، بىر بۆلەكنى قويۇۋېتىش» فاڭجېنىنى يولغا قويۇپ، ئاساسىي تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى- يېڭى تېخنىكا تەتقىقاتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمەتچىلىك ئاپپاراتلىرىنىڭ تەتقىقات ۋە تەرەققىيات جەھەتتىكى تىجارەت پائالىيەتلىرىنى قويۇۋېتىش كېرەك. تۈرلۈك ئىگىدارلىق شەكلى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلىدىكى پەن ـ تېخنىكا كارخانىلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. ئەمەلىي تەتقىقات ۋە تەرەققىيات تەتقىقاتى ئاپپاراتلىرى شۇنداقلا پەن ـ تېخنىكا مەسلىھەتچىلىك ئاپپاراتلىرى ۋە ئۇچۇر مۇلازىمەتچىلىك ئاپپاراتلىرى بازارغا يۈزلىنىپ، كارخانىلاشقان ئىگىلىك باشقۇرۇشنى پەيدىنپەي يولغا قويۇپ، ئۆز ـ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى ۋە بازار رىقابىتى ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشى لازىم.

(41) پەن ـ تېخنىكا بىلەن ئىقتىسادنى بىر گەۋدە قىلىشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش. بىرىنچىدىن، خەلق ئىگىلىكىدىكى چوڭ ـ چوڭ ۋە ئاچقۇچلۇق تېخنىكا ساھەسىنى تاللاپ، پەن تەتقىقات كۈچلىرىنى بىر تۇتاش ماسلاشتۇرۇپ ۋە ئۇيۇشتۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا بويىچە ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش. ئىككىنچىدىن، ئۆز ئالدىغا ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن تېخنىكا قوبۇل قىلىشنى بىر ـ بىرىگە تۈرتكە بولىدىغان يېڭى مېخانىزمنى بەرپا قىلىپ، تېخنىكا قوبۇل قىلىش ۋە تېخنىكا يېڭىلاش ئىشىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش. يۇقىرى ـ يېڭى تېخنىكا كەسپىي تەرەققىيات رايونلىرىنى ئوبدان باشقۇرۇپ، يۇقىرى ـ يېڭى تېخنىكا

مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ تاۋارلىشىش ۋە كەسپلىشىشكە تۈرتكە بولۇش. ئۈچىنچىدىن، پەن تەتقىقاتى ئاپپاراتلىرى، ئالىي مەكتەپلەر ۋە كارخانىلارنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتىنى ھەمكارلىق ئاساسىدا ئېلىپ بېرىشىغا ئىلھام بېرىپ، تېخنىكا تەرەققىياتى تەتقىقات ئاپپاراتلىرى بىلەن چوڭ تىپتىكى كارخانىلارنىڭ ياكى كارخانا گۇرۇپپىلىرىنىڭ بىرلىشىپ يېڭى مەھسۇلات، يېڭى ھۈنەر ـ سەنئەت ئىجاد قىلىدىغان تەتقىقات، تەرەققىيات ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇشىغا يار ـ يۆلەك بولۇپ، ئەنئەنىۋى كەسىپنى يۇقىرى ـ يېڭى تېخنىكا ئارقىلىق ئۆزگەرتىش قەدىمىنى تېزلىتىش. كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا بازار، پەن تەتقىقاتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىر گەۋدە قىلىنغان تېخنىكا تەرەققىياتى مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، كارخانىلارنى تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە ئايلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش. تۆتىنچىدىن، تېخنىكا ئۆتكۈنۈپ بېرىشكە تۈرتكە بولىدىغان ۋاستىچىلىك ئاپپاراتلىرىنى، ئوتتۇرىدا سىناق ئېلىپ بېرىش ۋە سانائەت سىنىقى ئېلىپ بېرىش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، رايونلار ۋە كەسىپلەرنىڭ تېخنىكا يېتەكلەش تەشكىلاتلىرىنى ۋە تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش تورلىرىنى بەرپا قىلىش. بەشىنچىدىن، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ھەربىي سانائەت بويىچە پەن تەتقىقاتى ئېلىپ بارىدىغان ئورۇنلار ھەربىي ئېھتىياج بىلەن خەلق ئېھتىياجىنى بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مېخانىزمنى يەڭگۈشلەپ، دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، ھەربىي ئېھتىياجىمۇ، خەلق ئېھتىياجىمۇ كېرەكلىك تېخنىكا تەتقىقاتى تەرەققىياتىنى كۈچەيتىپ، ھەربىي سانائەت تېخنىكىسىنىڭ خەلق ئېھتىياجىغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىگە قاراپ يۆتكىلىشىگە پائال ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك.

(42) سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئىشقا ئېشىشى ئاخىرقى ھېسابتا خەلقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەشكە باغلىق. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر مائارىپ ئىشلىرىنى ئالدى بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنى ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە سۈپىتىدە تۇتۇپ، مائارىپ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى كېرەك. «جۇڭگونىڭ مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى پروگراممىسى»نى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مائارىپ تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم. مائارىپ سېلىنمىسىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. مەكتەپ ئېچىشنى ھۆكۈمەت ھۆددىگە ئېلىۋالىدىغان ئەھۋالنى ئۆزگەرتىپ، ھۆكۈمەت مەكتەپ ئېچىشنى ئاساس قىلىش بىلەن جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەر مەكتەپ ئېچىشقا قاتنىشىش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى تۈزۈلمىنى ھاسىل قىلىش لازىم. مەجبۇرىي مائارىپنى كۈچەيتىپ، كەسپىي مائارىپنى ۋە چوڭلار مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، مائارىپ قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش كېرەك. مەجبۇرىي مائارىپتا ئاساسەن ھۆكۈمەت مەبلەغ سېلىپ مەكتەپ ئېچىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر خىل يوللار ۋە ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ مەبلەغ توپلاپ مەكتەپ ئېچىشىغا ۋە خەلقنىڭ مەكتەپ ئېچىشىغا ئىلھام بېرىشى لازىم؛ كەسپىي مائارىپنى، چوڭلار مائارىپىنى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي مائارىپنى بازار ئېھتىياجىغا تېخىمۇ كۆپلەپ يۈزلەندۈرۈپ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئالىي مائارىپتا مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، تارماقلار

ۋە بۆلەكلەر بويىچە ئايرىۋېتىدىغان ئەھۋالنى ئۆزگەرتىپ، ئالاھىدە كەسىپلەردىن باشقا ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈپ، مەركەز ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىگە بۆلۈپ باشقۇرىدىغان تۈزۈلمىگە باسقۇچ بويىچە ئۆتۈپ، جايلارنىڭ ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش هوقۇقىنى كېڭەيتىش كېرەك. ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، كەسىپ تەسىس قىلىش، دەرسلىك مەزمۇنى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق هالقىلاردا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشى كېرەك. ھەر خىل مەكتەپلەر ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئەخلاق تەربىيىسىنى ياخشىلىشى لازىم.

(43) بىلىمگە، ئىختىساسلىق خادىملارغا هۆرمەت قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ھەركىم ئۆز ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدىغان، ئىختىساسلىق خادىملار كەينى ـ كەينىدىن يېتىشىپ چىقىدىغان مۇھىت ۋە شارائىت يارىتىش. تۈرلۈك شەكىللەرنى قوللىنىش ۋە تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق، مەلىكىلىك ئەمگەكچىلەر ۋە تۈرلۈك ئىختىساسلىق كەسپىي خادىملارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، دۇنيا يەن ـ تېخنىكىسىنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا كىرىدىغان، ئەسىر ھالقىغان بىر تۈركۈم ئىلىم ـ پەن ۋە تېخنىكا يېتەكچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك. ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش بىلەن مۇۋاپىق ئىشلىتىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئەمگەك، كادىرلار تۈزۈمىنى ۋە كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش تۈزۈمىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئىسلاھ قىلىش لازىم. تۈرلۈك كەسپىي سالاھىيەت ئۆلچەملىرى ۋە ئىشقا قوبۇل قىلىش ئۆلچەملىرىنى تۈزۈپ، ئوقۇش تارىخى، دىپلوم ۋە كەسپىي سالاھىيەتتىن ئىبارەت ئىككى خىل گۇۋاھنامە تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئاشكارا تەكلىپ قىلىش، باراۋەر رىقابەتلىشىشنى پەيدىنپەي يولغا قويۇپ، ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ مۇۋاپىق يۆرۈشۈپ تۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. «چەت ئەلدە ئوقۇشنى قوللاش، ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشكە ئىلھاملاندۇرۇش، كېلىپ ـ كېتىش جەھەتتە ئەركىن بولۇش» فاڭجېنىنى يولغا قويۇپ، ھەر خىل شەكىللەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، چەت ئەللەردىكى ئىختىساسلىق خادىملارنى ۋەتىنىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك.

## 9. قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش

(44) سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە ياخشىلاش ئىشىنى مۇكەممەل قانۇن ـ تۈزۈم ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرۇش ۋە كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشىغا يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىش، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش بىلەن قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىقتىسادنى قانۇن ۋاستىسى ئارقىلىق باشقۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك. قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ نىشانى: ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىپ، ئىقتىسادقا دائىر قانۇن تۇرغۇزۇش ئىشلىرىنى تېزلىتىپ، ھەق تەلەپ قانۇنى، سودا قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، دۆلەت ئاپپاراتىغا ۋە مەمۇرىي

www.uyghurkitap.com

باشقۇرۇشقا ئالاقىدار تەرەپلەردىكى قانۇنلارنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۇرۇپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان قانۇن سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىش؛ ئەدلىيە تۈزۈمىنى ۋە مەمۇرىي جەھەتتىن قانۇن ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى ئىسلاھ قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇپ، ئەدلىيە ۋە مەمۇرىي جەھەتتىن قانۇن ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش؛ قانۇننى ئىجرا قىلىش نازارەتچىلىكى مېخانىزمىنى ۋە قانۇن مۇلازىمەتچىلىكى ئاپپاراتلىرىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن – تۈزۈم تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ قانۇن ئېڭىنى ۋە قانۇن – تۈزۈم كۆز قارىشىنى ئۆستۈرۈش.

(45) سوتسىيالىستىك قانۇن – تۈزۈملەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش. ئىسلاھات تەدبىرىنى قانۇن چىقىرىش تەدبىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك. قانۇن چىقىرىشتا ئىسلاھات روھىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئىسلاھاتنىڭ ئۇتۇقلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا قانۇن ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىش، تۈرتكە بولۇش ۋە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. قانۇن چىقىرىش پىلانىنى ئوبدان تۈزۈش، بازار ئاساسىي گەۋدىسىنى قېلىپلاشتۇرۇش، بازار تەرتىپىنى قوغداش، ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش – تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي كاپالەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىشسىزلىق ئىچىۋېتىش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق تەرەپلەرگە دائىر قانۇنلارنى چىڭ تۇتۇپ تۈزۈش كېرەك.سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا ماس كەلمەيدىغان قانۇن ۋە نىزاملارغا ۋاقتىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە ئۇنى بىكار قىلىش لازىم. پارتىيىنىڭ قانۇن چىقىرىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، قانۇن چىقىرىش تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن چىقىرىش تەرتىپىنى ياخشىلاپ، قانۇن چىقىرىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى قانۇن ئۆلچىمى بىلەن تەمىن ئېتىشىمىز كېرەك.

ئەدلىيە، مەمۇرىي جەھەتتىن قانۇننى ئىجرا قىلىش ئىشىنى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ۋە پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق – مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. جىنايى ئىشلار جىنايىتى ۋە ئىقتىسادىي جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاپ، ئىقتىسادىي ماجىرا ۋە ھەق تەلەپ ماجىرالىرىنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرمۇ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشى، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشى كېرەك. ئىقتىسادىي پائالىيەت ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پائالىيەتلەردىكى قانۇن بار تۇرۇپ ئەمەل قىلماسلىق، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلماسلىق، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىك، خىزمەت ھوقۇقىنى كەلسە – كەلمەس ئىشلىتىش شۇنىڭدەك تارماق ۋە رايوننىڭ مەنپەئىتىنى دەپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشتەك ئەھۋاللارنى قەتئىي تۈزىتىش لازىم. قانۇننى ئىجرا قىلىش قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خادىملارنىڭ سۈپىتىنى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى بولۇپ تۇرۇقلۇق قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتە قىلىش تۈزۈمى ۋە تۆلەم تۆلەش تۈزۈملىرىنى ئورنىتىش كېرەك.

(46) پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش—سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى

تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىكى زۆرۈر شەرت ۋە مۇھىم كاپالەت، شۇنداقلا ئىسلاھات ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ياكى قازىنالماسلىقىغا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور ئىش، شۇڭا ئۇنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەش لازىم. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئۇزاق مۇددەتلىك، جاپالىق ۋەزىپە، شۇڭا ئۇنى بوشاشماي قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. پاكلىقنى ساقلاشقا دائىر قانۇن — تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىنى بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنى پاك — دىيانەتلىك قىلىش ۋە نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. قانۇننى ئىجرا قىلىش تارماقلىرى، ئەدلىيە تارماقلىرى ۋە ئىقتىساد باشقۇرۇش تارماقلىرى قاتارلىق تارماقلاردا ئۈنۈملۈك چەكلەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىش، تارماق ۋە كەسىپلەردىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش لازىم. تاۋار ئالماشتۇرۇش پرىنسىپىنى پارتىيىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشى ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار پائالىيەتلىرىگە تەتبىق قىلىپ، ھوقۇق — پۇل سودىسى قىلىشقا ھەرگىز يول قويماسلىق كېرەك. قانۇنىي ئىگىنىڭمۇ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ ۋە مۇھىم ئەنزىلەرنى قانۇن بويىچە قاتتىق ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلىش، چىرىكلەشكەنلەرنى قەتئىي جازالاش لازىم. پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگىنى ۋە ئەدلىيە، رېۋىزىيە، مۇپەتتىشلىك تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، قانۇنىي نازارەتچىلىك، تەشكىلىي نازارەتچىلىك، ئاممىۋى نازارەتچىلىك ۋە جامائەت نازارەتچىلىكىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

## 10. پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش

(47) سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش كېرەك. پارتىيىمىز يېڭى دەۋردىكى ئۇلۇغ تارىخىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن، ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى كېرەك. نۆۋەتتە، پارتىيە قۇرۇلۇشىدا تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى نۇقتىلىق تۇتۇپ ئىشلەش لازىم: بىرىنچىدىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ماركسىزم — لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگەنگەندە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى مەركىزىي مەزمۇن قىلىپ ئۆگىنىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش قەتئىيلىكى ۋە ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيە ۋە سىياسىي جەھەتتە يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاش لازىم. ئىككىنچىدىن، جان- دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسەتتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئېسىل

www.uyghurkitap.com

ئەنئەنىسى ۋە ئۇستىلىكە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە ــ مەركەزلەشتۈ-رۈش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، پارتىيىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، پارتىيە ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، ئومۇمىيلىق كۆزقارىشىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن پارتىيىنى قەدەمنى تەكشى قىلىپ، بۇيرۇقنى قەتئىي ئىجرا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. تۆتىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بيۇروكراتلىق ۋە شەكىلۋازلىقنى قەتئىي تۈگىتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر ۋە زامانىۋى پەن ــ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك. بەشىنچىدىن، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، بىر قىسىم پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىكى بوشاڭلىق ۋە چېچىلاڭغۇلۇق ھالىتىنى تىرىشىپ ئۆزگەرتىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق ــ نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم.

(48) سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش ــ سىياسىي مەسلىھەت ئېلىپ بېرىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ھەم ئۇنى مۇكەممەللەش-تۈرۈش كېرەك. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ پارتىيىنىڭ ئامما بىلەن ئالاقە ئورنىتىشىدىكى كۆۋرۈكلۈك ۋە ۋاستىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. دېموكراتىك ئاساستا ئىلمىي تەدبىر كۆرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىشىنى تېزلىتىپ، تەدبىر كۆرۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياستىنى ئومۇمىيۈز-لۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، باراۋەرلىك، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئىتتىپاقلىق ھەم ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. پارتىيىنىڭ دىن سىياستى ۋە مۇھاجىرلار سىياستىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا خىزمەت قىلىش لازىم. ئاساسىي قاتلامنىڭ دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەي-تىپ، تۈرلۈك نازارەتچىلىك تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى، ئىقتىسا-دىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشىغا دائىر دېموكراتىيە ھوقۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

(49) ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قولدا چىڭ تۇتۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق يېڭى ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈش نىشان قىلىنغان سوتسىيالىستىك

مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەت جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، تەشۋىقات، ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىگە بولغان تەتقىقات خىزمىتىنى، ماركسىزمنى يېتەكچى قىلغان پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم. ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق، سوتسىيالىزم تەربىيىسىنى ۋە جۇڭگو تارىخى، بولۇپمۇ يېقىنقى زامان تارىخى، ھازىرقى زامان تارىخىغا شۇنىڭدەك جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە دائىر تەربىيىنى كەڭ، چوڭقۇر، جانلىق قانات يايدۇرۇپ، مىللىي غورۇر، مىللىي ئىشەنچ ۋە مىللىي ئىپتىخارلىقنى ئاشۇرۇش، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۈز مىليونلىغان ئاممىنىڭ غايەت زور ئىجادىي كۈچىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا مۇجەسسەملەشتۈرۈش لازىم. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، مەدەنىيەتلىك ۋە ساغلام تۇرمۇش ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇشنى پائال تەشەببۇس قىلىش، ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پۇلپەرەسلىككە، ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىككە ۋە چىرىك تۇرمۇش ئۇسۇلىغا قارشى تۇرۇش كېرەك. «سېرىق مەرەزنى تازىلاش» ۋە تۈرلۈك ئىپلاسلىقلارنى تۈگىتىش كۈرىشىنى ھارماي ـ تالماي ئېلىپ بېرىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە ئوڭشاش ئىشىنى كۈچەيتىش لازىم. خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، پائال ئالغا باسقان ۋە خەلق ئاممىسى ياقتۇرىدىغان مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئەسەرلەر ئىجادىيىتىگە ئىلھام بېرىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش كېرەك. مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەدەنىيەت ئىقتىسادىي سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش ئىشىنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش. ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. يۆلەشكە توغرا كېلىدىغان مەدەنىيەت ـ سەنئەت جەۋھەرلىرىگە دۆلەت نۇقتىلىق ھالدا تېگىشلىك ماددىي ياردەم بېرىشى لازىم.

(50) ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى—ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىگە چېتىلىدىغان چوڭقۇر ئىنقىلاب، شۇڭا ئۇ كونا تۈزۈلمىگە خاس بولغان ۋە تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا شەكىللەنگەن تۈرلۈك نامۇۋاپىق مەنپەئەت قۇرۇلمىسىنى مۇقەررەر ئۆزگەرتىدۇ، بۇ جەرياندا يا ئۇنداق، يا مۇنداق قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارغا دۇچ كەلمەي قالمايدۇ. شۇڭا ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ۋە ساھەلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئوبدان بىر تەرەپ قىلىپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىش كېرەك. نۆۋەتتە، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، كونا تۈزۈلمىنىڭ نۇقسانلىرى تامامەن تۈگىتىلمىگەنلىكى، يېڭى تۈزۈلمە تېخى تولۇق شەكىللىنىپ كېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادى يۇقىرى سۈرئەتتە يۈكسىلىش جەريانىدا بەزى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە، شۇنىڭ ئۈچۈن،

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر تېخىمۇ زور زېھنىي كۈچىنى ئىسلاھاتنى تېزلىتىش ئىشىغا مەركەزلەشتۈرۈشى كېرەك. نۇقتىلىق ساھەلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىسلاھاتنى چىڭ تۇتۇپ، كونكرېت لايىھە تۈزۈپ، دادىل ئىزدىنىپ، يۈرەكلىك ھالدا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئۈزلۈكسىز يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش لازىم.

پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنى ۋە پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ۋە پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دىلجەم بولۇپ، پۈكۈلمەس ئىرادە بىلەن ئىسلاھاتقا ئاتلىنىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىپ، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئىككىنچى قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ!

# «‹دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما›نىڭ 3-تومىنى ئۆگىنىش تېزىسلىرى» نەشرىدىن چىقتى

«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومى — ماركسىزملىق مۇھىم ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭ ھەجمى زور، مەزمۇنى چوڭقۇر.

بۇ «تېزىس» جۇڭگوچە سوتسىيالىزم دېگەن نېمە؟ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك؟ مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئاساسىي شەرتلىرى ۋە كاپالىتى قايسىلار؟ دېگەن ئۈچ مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا، مۇشۇ مەسىلىلەرگە دائىر مۇھىم ئىدىيىلەرنى ۋە مول ئىجادىيلىققا ئىگە نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرنى 24 مەسىلە بويىچە شەرھلەيدۇ.

ئېلىمىز نەزەرىيە ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق تەتقىقاتچىلار ۋە ئالىملارنىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىدىيىسى ۋە نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش نەتىجىسى بولغان بۇ «تېزىس» كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى چوڭقۇر، سىستېمىلىق ئۆگىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ. نەشرىياتىمىز كەڭ كىتابخانلارنىڭ جىددىي تەلىپىنى كۆزدە تۇتۇپ، «تېزىس»نى تېزچىقىرىلىدىغان كىتابلار قاتارىدا تەرجىمە قىلىپ نەشرىدىن چىقاردى. كىتابخانلارنىڭ ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىغا بېرىپ سېتىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

www.uyghurkitap.com

# قىزغىن مۇلازىمىتىمىز بىلەن سىزنى غەمدىن خالاس قىلىمىز

شىنجاڭدىكى كەڭ كىتابخانىلارنىڭ بىزدىن چىقىدىغان ئۇيغۇرچە كىتابلارنى نەشرىياتىمىزدىن بىۋاسىتە سېتىۋېلىشىغا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، نەشرىياتىمىز جايلاردىكى شەخس ۋە كوللېكتىپ كىتاب سېتىۋالغۇچىلارغا پوچتا ئارقىلىق كىتاب سېتىش كەسپىنى يولغا قويدى. ھەر ساھە كىتابخانىلىرىنىڭ نەشرىياتىمىزدىن بىۋاسىتە كىتاب سېتىۋېلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

كىتاب سېتىۋالغۇچىلار كىتابنىڭ باھاسى بويىچە يەنە 10% پوچتا ھەققى قوشۇپ ئەۋەتسە بولىدۇ. پۇلنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، كىتابنى ۋە كىتابنىڭ ھۆججىتىنى دەرھال ئەۋەتىپ بېرىمىز.

كىتاب سېتىۋالغۇچىلار كېرەكلىك كىتابنىڭ ئىسمى، سانى، ئۆزى تۇرۇشلۇق جاينىڭ پوچتا نومۇرى، تەپسىلى ئادرېسى ۋە ئۆزىنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى تولۇق ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك. پۇل ئەۋەتكەندە، تېلېگراما ئارقىلىق پېرېۋوت قىلماي، پوچتا ئارقىلىق ياكى بانكا ئارقىلىق پېرېۋوت قىلىشى لازىم.

نەشرىياتىمىزنىڭ ئادرېسى مۇنداق: 北京和平里北街14号 民族出版社维文室

ھېساب ئاچقان بانكا: 工商银行北京和平里分理处
帐号：046002—25

مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

《求是文选》(维吾尔文版) 国外代号：M5——V 国内统一刊号：CN11——2498
邮发代号：2—373 定价：0.95元 邮政编码：100013